# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

'99 4



ئىگىزلىكتىكى ناخشا

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىغا قاتناشتى



3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، گوۋۇيۈەن زۇڭلى-
سى جۇرۇڭجى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قات-
ناشتى



ج ك پ سىياسىي بيۇروسىنىڭ
ئەزاسى، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم-
نىڭ شۇجىسى جيا چىڭلىن بېيجىڭ ۋە-
كىللەر ئۆمىكىنىڭ بىر قىسىم ئەزالى-
رىنى باشلاپ كېلىپ، شىنجاڭ ۋەكىل-
لىرى بىلەن ئىسلاھات، تەرەققىيات پە-
لانى توغرىسىدا پىكىرلەشتى
(ياڭ يې فوتوسى)

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومى-
تېتىنىڭ 8 - يىغىنى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ «خەلق»
سارىيىنىڭ دائىمىي كومىتېت يىغىن زالىدا ئېچىلدى. يىغىنغا مۇدىر
ھامىدىن نىياز رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى-
نىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قاراپ
چىقىشقا سۇنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر - تېرىلغۇ ئىگىلىكى تارىخىي قانۇنى› نى
يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)» قاتارلىق تۆت تەكلىپ، ئاپتونوم رايون-
لۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنى قاراپ چە-
قىشقا سۇنغان «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى-
نىڭ ‹ئاپتونوم رايوننىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كەنت ئاھالە
كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى (سىناق
نۇسخىسى) نى يولغا قويۇش چارىسى› نى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى
قارارى» توغرىسىدىكى تەكلىپ قاراپ چىقىلدى.



كومىتېت ئەزالىرى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ھۆججىتىنى ئەستايىدىل ئۆگەن-
مەكتە



بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 10 - نۆۋەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ئوبلاستنىڭ تۇنجى يەرلىك
نىزامى «سايرام كۆلىنى قوغداش نىزامى» ماقۇللاندى



يىغىنغا سىرتتىن قاتناشقان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومى-
تېتى بەنگۇڭتىڭى ۋە تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى پىكىر ئالماشتۇرماقتا.

# ئاساسىي قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغدايلى

ژورنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

بۇ يىل 3 - ئايدا ھەممە كىشىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدىن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۈزىتىلمىسى» 2800 دىن ئارتۇق ۋەكىلنىڭ قايتا - قايتا قاراپ چىقىشى نەتىجىسىدە ماقۇللاندى، دېگەن خۇش خەۋەر تارقالدى.

بۇ قېتىم ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىلىك ئورنى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئاساسىي ئىستراتېگىيىسى، غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ مۇھىم رولى قاتارلىق مەزمۇنلار ئاساسىي قانۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بۇ دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، باي، دېموكراتىك، مەدەنىي سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ قېتىم ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، 1982 - يىلى ماقۇللىنىپ، 1988 - ۋە 1993 - يىلى ئىككى قېتىم تۈزىتىلىپ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇنغا ئېھتىياجغا ئاساسەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ھەمدە بەزى پىشىپ يېتىلگەن مەسىلىلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. تۈزىتىش كىرگۈزسىمۇ، تۈزىتىش كىرگۈزمىسىمۇ بولىدىغان مەسىلىلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزمەسلىك پرىنسىپى بويىچە، پارتىيە ئىچى - سىرتىدىكى ھەر ساھە زاتلىرىدىن كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش ئاساسىدا، ئالتە ئورۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىش؛ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشنى دۆلەتنى تۈزەشنىڭ ئاساسىي ئىستراتېگىيىسىگە ئايلاندۇرۇش؛ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي سىياسىي تۈزۈم ۋە تەقسىمات تۈزۈمىنى بېكىتىۋاشتىن تونۇپ، غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ ئورنى ۋە رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. مۇنداق چوڭ - چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەرنى ئاساسىي قانۇن يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈش ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشەببۇسى، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى ۋە سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى 21 - ئەسىرگە يۈزلەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئاساسىي قانۇن دۆلەتنىڭ تۈپ چوڭ قانۇنى، ئۇ ئەڭ زور قانۇنىي كۈچكە ئىگە. بۇ قېتىم ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئاساسىي قانۇننى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇپلا قالماستىن، ئاساسىي قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداش، ئاساسىي قانۇننىڭ دۆلەتنىڭ تۈپ چوڭ قانۇنى بولۇشتەك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى بۇ پۇرسەتنى تۇتۇپ، جايلاردىكى پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۆز رايونى دائىرىسىدە ئاساسىي قانۇننى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنىنى قوزغاپ، كادىرلار ۋە ئاممىغا 15 - قۇرۇلتاي روھىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۈرۈشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشى، پۈتكۈل جەمئىيەت ئاساسىي قانۇننىڭ نوپۇزىنى تېخىمۇ يۇقىرى تىكلىشى، ئاساسىي قانۇن ئېڭىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى، ئاساسىي قانۇننى تۈپ پائالىيەت ميزانى قىلىشنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قانۇننىڭ نوپۇزى ۋە ئورنىنى قوغداپ، ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى؛ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى ئاساسىي قانۇننى قانۇنىي ئاساس قىلىشى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاساسىي قانۇنغا ماس كېلىدىغان يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشى؛ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتىدە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇشى ۋە چەكلىشى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي بەلگىلىمىسى بويىچە قاتتىق يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىدىغان بارلىق قىلمىشلارنى سۈرۈشتە قىلىشى، ئاساسىي قانۇننىڭ تۈرلۈك بەلگىلىمىلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا، ئالدى بىلەن دۆلەتنى ئاساسىي قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش لازىم. پۈتكۈل جەمئىيەتتىكىلەر ئاساسىي قانۇننى ئاڭلىق ئۆگىنىپ، ئاساسىي قانۇنغا رىئايە قىلىپ، ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ بارلىق قىلمىشلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىدىغانلا بولسا، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش نىشانى رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

(ئايلىق ژۇرنال)
1999 - يىل 4 - سان
(ئومۇمىي 193 - سان)
(19 - يىل نەشرى)
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشر قىلدى
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
تەھرىرات باشلىقى: ئەنۋەر غولام
باش مۇھەررىر: لەن شۈيى
مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى



بايرام    لۇ ۋاڭخاۋ فوتوسى

**ئۇبزور** ئاساسىي قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغدايلى ··· ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى (1)

**رەھبەرلەرنىڭ سۆزى** ئاساسىي قانۇننى كەڭ كۆلەمدە ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتەيلى ······················ ھامىدىن نىياز (4)

**يەرلىك تۈزۈم** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش نىزامى ································ (12)

**مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر** كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرەيلى ········ ئابلەت مامۇت (17)

دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ································ مەمەتيۈسۈپ تاھىر (21)

**خىزمەت تەتقىقاتى** يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقى — بىر نېگىزلىك ھوقۇق ································ لى شەنۋېي (26)

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ································ ليۇجېك، چېك شياڭچېك (30)

**قانۇن تەتقىقاتى** قانۇن بويىچە ھوقۇققا چەك قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ································ رازىيە مۇھەممەت (38)

«باھا قانۇنى» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى توغرا چۈشىنىش ھەققىدە ·········· مۇختار تۇردى (41)

**جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش** يېزىق ئىشلىتىشكە بولغان باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك ··· ································ خالىق ئاۋۇت، خاسىيەت ئەيسا (44)

**تەكشۈرۈش دوكلاتى** كەنت دەرىجىلىك كادىرلار قۇرۇلۇشىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ································ ئابدۇۋەلى مامۇت (46)



سۇمبۇل چاچ          سېتىنياز سايىم فوتوسى


ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
CN65 — 1166/D
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830002

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 10 ـ قورۇ

تېلېفون: 2822065 ئارقىلىق 63911



مۇلاھىزە          مۇۋەپپەقىيەتلىك سايلامنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟ ································
································ دىلمۇرات مۇھەممەد (48)

باشلامچىلار          قەلبىمدە ئۇنىڭ بۇ ئانا تۇپراق ···················· جاك مىخشىيا (49)

خەلق ئىشلىرىغا بېغىشلانغان چوغدەك قەلب ···················· ئابدۇكېرىم ئۇمەر (52)

خەۋەرلەر          توققۇزتارا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمەتلەرنىڭ تەرتىپلە-
شىش، تۈزۈملىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى ···················· لەن چىشاڭ، قۇربانجان (54)

باي ناھىيىسى قانۇن ـ نىزاملارنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مېيىپلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى باراۋەرلىك
مۇقىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى ···················· ھەسەن ئابدۇۋەلى (54)

بايتوقاي يېزىسى 3 ـ بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىق ـ تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، يېزىنى
قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى ···················· زامانىدىن شاھى (55)

لوپ ناھىيىلىك پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچلۈك قوللىدى ···················
···················· نۇرمۇھەممەت مەخمۇت، ئاززۇگۈل (55)

چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلىدى ···
···················· مەتقۇربان ھوشۇر (55)

دۇنياغا نەزەر          شۋېتسارىيىنىڭ بانكا مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش قانۇنىغا نەزەر ··· (56)

تەرمىلەر          ھەقىقەت ۋە قانۇنچىلىقتا بىر ئۆمۈر چىڭ تۇرغان پىڭ جېن ··· (57)

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئون جەھەتتىكى دېلونى نازارەت قىلسا بولىدۇ ············ (62)

بىلىۋېلىڭ          «دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىش» دېگەن نېمە؟ ··· (63)

ئايروپىلاندا ئولتۇرسا بولمايدىغان كىشىلەر ························ (64)

ئەترگۈل          پامىردا باھار ························ ئەلى قىدىس (64)

# ئاساسىي قانۇننى كەڭ كۆلەمدە ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتەيلى

## ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 8 - يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

◆ ھامىدىن نىياز ◆



مۇئاۋىن مۇدىرلار، كومىتېت ئەزالىرى، يولداشلار:

بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ قارالمىلىرى قارىلىپ بولدى. يىغىندا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ئىككى يىغىننىڭ پارتىيىلىك مەسئۇللار يىغىنىدا قىلغان سۆزى، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ئاساسلىق ھۆججەتلىرى ۋە زۇڭلى جۇرۇڭجىنىڭ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى ئەستايىدىل يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى، ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىش قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى قاتارلىق بەش نىزام لايىھەسى قاراپ چىقىلدى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، بىڭتۇەندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرى تەركىبىدىكى خادىملار ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. ئاپتونوم رايوننىڭ يېقىنلىشىش قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى (سىناق نۇسخىسى) ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، باشقا ئۈچ قانۇن لايىھەسى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىتىشىگە تاپشۇرۇلدى. يىغىندا پارتىيە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنى ئۆگىنىشنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىلىرىغا كىرگۈزۈپ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنى تەشكىللەپ چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش ھەمدە شۇ ئارقىلىق دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئاپ-

تونوم رايونلۇق ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان ياخشى تۈزۈم. بىز بۇ قېتىمقى يىغىندا 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى روھىنى ئۆگىنىشنى مۇھىم قارالما قىلدۇق، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىش ئارقىلىق، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يىغىننىڭ روھىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ يىغىن مەزگىلىدىكى ئۆگىنىش، مۇزاكىرە ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ مەقسەتكە دەسلەپكى قەدەمدە يەتتۇق. 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ئىنتايىن مۇھىم يىغىن، يىغىننىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول. بىز ئۆگىنىشنى ئەمدىلا باشلىدۇق، كېيىنكى قەدەمدە ئۆگىنىدىغان، ئىزچىللاشتۇرىدىغان خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ داۋاملىق ياخشى ئۆگىنىپ، تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، روھىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، يىغىننىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە تېگىشلىك رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى يىللىق يىغىن بولسىمۇ، ئۇ ئەسىر ئالمىشىدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە، دۆلىتىمىز ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى قاتتىق خىرىس ۋە مۇشكۇل ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋەزىپىسىگە دۇچ كەلگەن پەيتتە ئېچىلغاچقا ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يىغىن پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋە خەلقئارانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا بېكىتىلگەن دۆلەتنىڭ يېڭى بىر يىلدىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات فاڭجېنى، نىشانى شۇنىڭدەك ئوتتۇرىغا قويۇلغان راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش روھى 1999 - يىللىق ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇندىشىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپلا قالماي، پۈتكۈل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشكىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسلىق روھى يىغىندا ماقۇللانغان دوكلاتلار ۋە قارارلاردا گەۋدىلەندۈرۈلدى، بولۇپمۇ زۇ رۇڭجى جۇڭلىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتىدا ئېلىمىزنىڭ ئۆتكەن بىر يىلدىكى ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر يەكۈنلىنىپ، ئالغا بېسىش يولىدا ساقلانغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر كۆرسىتىلدى، 1999 - يىلدىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدەلگەن، كىشىلەرنى روھلاندۇرىدىغان، ئالغا ئۈندەيدىغان ياخشى دوكلات. پىلان، مالىيە دوكلاتى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە ئىككى ئالىي مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىمۇ ئىلگىرى يىللاردىكىدىن خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، يېڭى بىر يىلدىكى خىزمەتلەر تېخىمۇ ئەمەلىيەتچىل ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تەدبىرلەر تېخىمۇ كونكرېت بولدى، ئۇلارنىڭ مەشغۇلاتچانلىقىمۇ ناھايىتى ياخشى بولدى. بىز يۇقىرىدىكى دوكلاتلارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى ئۆگىنىشىمىز، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىگە بويسۇنۇش، خىزمەت قىلىش ئېڭىمىزنى ۋە قەتئىيلىكىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز، پۇختا، ئۈنۈملۈك خىزمەت ئارقىلىق، 1999 - يىلدىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ يەنە بىر تارىخىي نەتىجىسى شۇكى، ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىلمىسى ماقۇللاندى. ئاساسىي قانۇن دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ چوڭ قانۇنى، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي

ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ قېتىم ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىغا ۋە ئەمەلىي تەرەققىياتقا ئاساسەن، پەقەت تۈزىتىش زۆرۈر بولغان ھەممە پىشىپ قالغان مەسىلىلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش، تۈزەتسىمۇ، تۈزەتمىسىمۇ بولىدىغان مەسىلىلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزمەسلىك يېتەكچى ئىدىيە قىلىندى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئاساسىي قانۇننىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەققىدىكى تەكلىپىگە ئاساسەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىلمە لايىھىسى ئاران 6 ماددا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. بۇنى ئاساسلىقى ئۈچ جەھەتتە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇشتەك ئورنى بېكىتىلدى، بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا تامامەن ئۇيغۇن. ئىككىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە تەقسىمات تۈزۈمى بېكىتىلىپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك قاتارلىق ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئاساسىي قانۇن ئاساسىغا ئىگە قىلىندى. بۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. ئۈچىنچى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش تەدبىرى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلۈپ، ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلدى، بۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرىدۇ. بۇ قېتىم ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھىمايە قىلدى ۋە قوللىدى، بۇ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەتئىي جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا مېڭىش ئىشەنچىنى؛ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، گۈللەنگەن، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى؛ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، تىرىشىپ تۈرلۈك ئىشلارنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئورتاق ئارزۇسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى.

مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى، شۇجى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى. بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە شۇجى ۋاڭ لېچۈەننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم:

**1. ئاساسىي قانۇننى كەڭ كۆلەمدە ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىش كېرەك**

ئاساسىي قانۇن دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان، ئەلنى ئەمىن تاپقۇزىدىغان باش نىزامنامە، دۆلەتنى

قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دېگىنىمىز تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، دۆلەتنى ئاساسىي قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسىي قانۇن تۈزىتىلىپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئالدىدىكى ئورتاق ۋەزىپە ئاساسىي قانۇننى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىپ، ئاساسىي قانۇننىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداشتىن ئىبارەت. دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار، بولۇپمۇ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا ئىشلەيدىغان يولداشلار ئاساسىي قانۇننى تەشۋىق قىلىش، يولغا قويۇش ۋە قوغداشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلىپ، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، خىزمەتنى بوشاشماي تىرىشىپ نەتىجىلىك ئىشلەپ، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

ئاساسىي قانۇننى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇنداقلا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاساسى. ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قارىشى كۈنسايىن كۈچەيمەكتە. بىراق، قانۇننى بىلمەسلىك، قانۇننى چۈشەنمەسلىك مەسىلىسى يەنىلا مەۋجۇت. قانۇنچىلىق تەربىيىسى شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىش، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى كۈچلۈك بولماسلىق مەسىلىسى ئۇنۇملۇك ھەل قىلىنمىدى. بىز بۇ قېتىم ئاساسىي قانۇننى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئاساسىي قانۇننى يادرولۇق مەزمۇن قىلغان قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنى ئاساسىي قانۇن بىلىملىرى ۋە قانۇنچىلىق قارىشى جەھەتتە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك قايتا ئۆگىنىش، قايتا تەربىيە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. شەكىلۋازلىق قىلماي، قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى ئاساسىي قاتلامغا، يېزىلارغا بىۋاسىتە يۈزلەندۈرۈپ، دېھقان، چارۋىچىلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرىگىچە ئېلىپ بېرىپ، ئاساسىي قانۇننىڭ روھىنى ئاممىنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقۇزۇپ، ئاساسىي قانۇندىكى ئاساسلىق بەلگىلىمىلەرنى ئاممىغا ئىگىلىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا ئاڭلىق ئەمەل قىلىدىغان، قانۇن قورالىدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان، قانۇنغا خىلاپ بارلىق قىلمىشلارغا قارشى كۆرەش قىلىدىغان قىلىشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارغا قارىتىلغان قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تېخىمۇ ئۇنۇملۇك بولغان ئۆگىنىش، سىناش تۈزۈمىنى قوللىنىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ قانۇننى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشى، بىلىشى، قانۇنغا باشلامچىلىق بىلەن ئەمەل قىلىشى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى توپ ھەرىكەت مىزانى قىلىشى، ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار دائىرىسىدە يۈرگۈزۈشى، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى بىزنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە ئاساسىي قانۇننى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرىمىزگە قوشۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى، ئاخبارات ئورۇنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولۇپ، بۇ قېتىمقى قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيىسىنى بىرلىكتە ياخشى ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ماسلاش-

تۇرۇش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشى؛ ھەر دە-
رىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە سوت مەھكىمىلىرى، تەپ-
تىش مەھكىمىلىرى ئۆزىنىڭ قانۇنچىلىق ئۆگىنە-
شىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، ئاساسىي قانۇن،
قانۇنلارنى تەشۋىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي
ئۈستىگە ئېلىشى؛ ھەر دەرىجىلىك ئاخبارات ئو-
رۇنلىرى ئامما ياقتۇرىدىغان شەكىل ئارقىلىق،
زامانىۋى تارقىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئام-
مىغا مول مەزمۇنلۇق قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى ئېلىپ
بېرىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاخبارات
ئورۇنلىرى يېڭى ئاساسىي قانۇننى ئۆگىنىش توغ-
رىسىدا ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت
رەھبەرلىرىنى، مۇتەخەسسىسلەرنى، ئالىملارنى،
ئاتاغلىق زاتلارنى مەخسۇس زىيارەت قىلىپ، تەش-
ۋىقاتنىڭ نوپۇزى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى
كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائى-
مىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى يېقىندا ئاپتونوم رايون-
لۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە
ئاپتونوم رايونلۇق قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى سۆھبەت
يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىز قانۇنچىلىق
تەشۋىقاتىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدا
ئېنىق تەلەپ ۋە نىشاننى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولۇ-
ۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائى-
مىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى يېزا ئاسا-
سىي قاتلام كادىرلىرى، دېھقان - چارۋىچىلارغا
ئاممىباب قانۇن بىلىملىرى ئوقۇشلۇقىنى تۈزۈۋا-
تىدۇ. قىسقىسى، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ پائال
تىرىشىشى ئارقىلىق، ئاساسىي قانۇننى كەڭ ۋە
چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، پۈتكۈل جەم-
ئىيەتتىكىلەرگە قارىتىلغان قانۇنچىلىق تەشۋىقات -
تەربىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونى-
مىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا پۇختا ئاممىۋى
ئاساس يارىتىش كېرەك.

## 2. ئاساسىي قانۇندىكى پرىنسىپلاردا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم

ئاساسىي قانۇن دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن سىستې-
مىسىدا يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدۇ. بارلىق قانۇن،
نىزاملار ئاساسىي قانۇنغا بويسۇنۇشى شەرت. يەر-
لىك نىزام دۆلەت قانۇنىنىڭ مۇھىم تولۇقلىمىسى،
شۇڭا، ئۇنىڭدا ئاساسىي قانۇندىكى پرىنسىپلاردا
چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇ مۇنداق ئىككى مەنىنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، يەرلىك قانۇن ئاساسىي
قانۇندىكى پرىنسىپلار بىلەن بىردەك بولۇشى، ئا-
ساسىي قانۇن ۋە قانۇن، نىزاملار بىلەن زىت بو-
لۇپ قالماسلىقى كېرەك؛ يەنە بىرى، ئەمەلىيەتنى
ئاساس قىلىش كېرەك، يەرلىك قانۇندا ئاساسىي
قانۇندىكى پرىنسىپلار ۋە روھلار تولۇق گەۋدىلەن-
دۈرۈلۈشى، ئاساسىي قانۇندىكى پرىنسىپلار كونك-
رېتلاشتۇرۇلۇشى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا
رىئايە قىلىشقا ۋە ئۇلارنى ئىجرا قىلىشقا تېخىمۇ
ياخشى كاپالەتلىك قىلىنىشى، ئىقتىسادىي ۋە ئىج-
تىمائىي تەرەققىيات تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلەندۈرۈ-
لۈشى ۋە ئىلگىرى سۈرۈلۈشى كېرەك. ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇ-
رۇلغاندىن بۇيان، يەرلىك نىزام چىقىرىشتا ئاسا-
سىي قانۇندىكى پرىنسىپلاردا باشتىن - ئاخىر چىڭ
تۇرۇپ، خىزمەتنى خېلى ياخشى ئىشلىدى. بۇنىڭ-
دىن كېيىن يەرلىك نىزاملارنى ئاساسىي قانۇن ۋە
قانۇنلارغا زىت قىلىپ قويماسلىقنى ئالدىنقى شەرت
قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نىزاملارنىڭ سۈپىتىنى
ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي
قانۇندىكى پرىنسىپلار ۋە دۆلەت قانۇنلىرىدىكى بەل-
گىلىمىلەرنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، نىزاملارنىڭ قا-
راتمىلىقى، قوللىنىشچانلىقى ۋە تەتبىقلىنىشچان-
لىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. دۆلەتنىڭ قانۇن چىقى-
رىش سۈرئىتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇن چىقى-
رىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، 9 - نۆۋەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش
پىلانىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايون-
نىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى، مۇقىملىقىدىن ئى-
بارەت ئەمەلىي ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، قانۇن
چىقىرىش خىزمىتىنى پىلانلىق، نۇقتىلىق كۈچەي-
تىش، يەرلىك قانۇن چىقىرىشتا، دېڭ شياۋپىڭ
نەزەرىيىسىنى دۆلەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قى-
لىش تەلىپىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، دۆلەتنىڭ
سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى توپ ئىق-
تىسادىي تۈزۈمىنىڭ ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە

قىلىش تۈپ تەدبىرىنىڭ تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىدە بولۇپمۇ ئائىلە بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغان، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەيدىغان، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئاساسىي قاتلاملارنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان نىزاملارنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈش كېرەك؛ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى يېتەكلەش، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە دائىر يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈش، مەمۇرىي قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ۋە ئەدلىيە خىزمىتى ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا دائىر نىزاملارنى تۈزۈش كېرەك. قانۇن چىقىرىش تەرتىپىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، دېموكراتىك ئاساستا قانۇن چىقىرىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە ئالاقىدار زاتلارنى قانۇن چىقىرىش خىزمىتىگە ئىمكانقەدەر قاتناشتۇرۇشى، مۇھىم نىزاملارنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىرلىرىگە تېخىمۇ ياخشى قولاق سېلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىش پىلانىغا ئاساسەن، بىر قەدەر پىشقان نىزام لايىھەلىرىنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانىلار، كەسپىي تەشكىلاتلارمۇ يەرلىك قانۇن چىقىرىش تەكلىپى ۋە نىزام لايىھەسىنى پائال ئوتتۇرىغا قويۇشى، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئامما نىزام لايىھەسى توغرىسىدا پىكىر ئېلىش خىزمىتىگە ئەستايىدىل قاتنىشىشى كېرەك. ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىغا تايانغاندىلا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نىشانىغا يەتكىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىزىغا سېلىشتا پايدىلىق قانۇنچىلىق شارائىتى ياراتقىلى بولىدۇ.

### 3. ئاساسىي قانۇننى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ نوپۇزىنى ھەقىقىي قوغداش لازىم

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر، ھەر قايسى پارتىيىلەر ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا تەشكىلاتلىرى، كەسپىي تەشكىلاتلار ئاساسىي قانۇننى ئۆزىنىڭ تۈپ ھەرىكەت مىزانى قىلىشى، ئاساسىي قانۇننىڭ نوپۇزىنى ھەقىقىي قوغدىشى شەرت دەپ بەلگىلەندى. ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بىزگە دۆلىتىمىزدىكى ھەر قانداق دۆلەت ئورگىنى، تەشكىلاتى ۋە شەخسنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە پائالىيەت قىلىشى كېرەكلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن ھالقىغان ئىمتىيازى يوقلۇقىنى؛ ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش — قانۇنغا ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى؛ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا خىلاپ ھەر قانداق قىلمىش سۈرۈشتۈرۈلۈشى لازىملىقىنى ئېنىق ئۇقتۇردى. ئاساسىي قانۇندىكى بۇ بەلگىلىمە پارتىيە ۋە خەلق ئۇن يىللىق مالىمانچىلىقنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئېچىنىشلىق ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بېكىتىلگەن. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشتا، بارلىق پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قوغداشتا، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 20 نەچچە يىل ھارماي تىرىشىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، قانۇن

بويىچە ئىدارە قىلىش ئىجتىمائىي مۇھىتى پەيدىن-
پەي شەكىللىنىمەكتە. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەز-
گىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق
ئاياق ئاستى قىلىدىغان ئىشلار كەلمەسكە كەتتى.
لېكىن شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كې-
رەككى، قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتىدە قانۇن
تۇرۇغلۇق ئاساسلانماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا
قىلماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈش-
تۈرمەسلىك ئەھۋالى يەنە خېلى ئېغىر، سۆزنى
قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان، هوقۇق ئارقى-
لىق قانۇننى باسىدىغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ
قانۇننى بۇزىدىغان، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى تۇ-
رۇقلۇق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان مەسىلىلەر
هېلىھەم مەۋجۇت، تۈرلۈك چىرىكلىك قىلمىشلى-
رى بىزنىڭ مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى كا-
دىرلار ۋە ئەدلىيە كادىرلىرى قوشۇنىمىزنى يەنە
ئۆزلۈكسىز چىرىتمەكتە. بۇنداق ئەھۋاللار ۋە مە-
سىلىلەر ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئىززەت -
هۆرمىتىگە داغ تەككۈزۈپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش
ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تەسىر
يەتكۈزمەكتە، خەلق ئاممىسى بۇنىڭدىن ئىنتايىن
نارازى.

مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى-
نىڭ 2 - يىغىنىدىكى هۆكۈمەت خىزمىتىدىن بې-
رىلگەن دوكلات ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت
دوكلاتىدا مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتى
ۋە ئەدلىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش، مەمۇرىي قا-
نۇننى ئىجرا قىلغۇچى كادىرلار ۋە ئەدلىيە كادىرلى-
رى قوشۇنىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئېنىق تەلەپ ۋە
كونكرېت تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بارلىق
ۋەكىللەرنىڭ ئالقىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاپ-
تونوم رايونىمىزدىكى هەر دەرىجىلىك هۆكۈمەتلەر
ۋە سوت مەھكىمىلىرى، تەپتىش مەھكىمىلىرى
ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ئىز-
چىللاشتۇرۇشى كېرەك. هەر دەرىجىلىك هۆكۈ-
مەت ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەت تارماقلىرى قانۇننى
ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەستايىدىل
يولغا قويۇپ، ئىچكى نازارەتچىلىك - تەكشۈرۈش
مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەمۇرىي قانۇ-
نى ئىجرا قىلىش هوقۇقى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇ-
چىلارنىڭ هەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە چەك-
لەپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش-
كە، مەمۇرىي ئىشلارنى قاتتىق باشقۇرۇشقا كاپالەت-
لىك قىلىپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار ۋە چىرىك-
لىشىش ئەھۋاللىرىنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تە-
رەپ قىلىشى كېرەك. هەر دەرىجىلىك سوت مەھ-
كىمىلىرى، تەپتىش مەھكىمىلىرى ناھەق، خاتا
دېلو جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ
تۇرۇپ ۋە ئۇنى يولغا قويۇپ، قانۇننى ئىجرا قى-
لىش، دېلو بېجىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇ-
كەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇ-
رۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمە-
لىيلەشتۈرۈپ، سوت، تەپتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ
ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە قانۇن
بويىچە دېلو بېجىرىشى، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلى-
شى لازىم. مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە
ئەدلىيە قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈ-
چەيتىپ، «ئۇچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى ۋە قا-
نۇنچىلىق تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ،
قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار، ئەدلىيە خادىملىرىنى
پارتىيە ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغدايدى-
غان، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئىززەت -
هۆرمىتىنى قوغدايدىغان، قەتئىي تۈردە قانۇن بو-
يىچە ئىش قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى دۆلەتنى قانۇن
بويىچە ئىدارە قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ توغرا
تونۇيدىغان، قانۇندا بەلگىلەنگەن خىزمەت هوقۇقى-
نى توغرا يۈرگۈزىدىغان قىلىش كېرەك.

**4. قانۇننىڭ ئىجراسىغا بولغان نازا-
رەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە
قانۇن، نىزاملارنى ئومۇميۈزلۈك توغرا يول-
غا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم**

ئۆز مەمۇرىي رايونىدا ئاساسىي قانۇن ۋە قا-
نۇن، نىزاملارغا رىئايە قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قى-
لىشقا كاپالەتلىك قىلىش يەرلىك هەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېت-
لىرىغا ئاساسىي قانۇندا بېرىلگەن مۇھىم مەسئۇلى-
يەت. باش شۇجى جياڭ زېمىن بۇ يىلقى ئىككى
يىغىننىڭ پارتىيىلىك مەسئۇللار يىغىنىدا: «ئاسا-

سىي قانۇندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە
ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ئاساسىي قانۇننىڭ يول-
غا قويۇلۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقى، يەر-
لىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا ئۆز
مەمۇرىي رايونىدا ئاساسىي قانۇنغا رىئايە قىلىش ۋە
ئۇنى ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ھوقۇقى
بېرىلدى. بۇ ناھايىتى چوڭ ھوقۇق، ئۇنىڭ جاۋاب-
كارلىقىمۇ ناھايىتى ئېغىر» دەپ كۆرسەتتى. باش
شۇجىنىڭ سۆزى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەت قى-
لىشتىكى مۇھىم ئورنىنى ئېنىق شەرھلەپ بەردى،
بۇ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەي-
تىشتىن كۈتۈلگەن ئۈمىد ۋە ئۇنىڭغا قويۇلغان تە-
لەپ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى مۇشۇ تە-
لەپكە بىنائەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائى-
مىي كومىتېتى خىزمەت دوكلاتىنىڭ روھىنى ئەس-
تايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، ئىلگىرىكى خىز-
مەتلەر ئاساسىدا، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى تېخى-
مۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، قانۇن، نىزاملارنىڭ
يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى جەھەتتىكى تەكشۈرۈش ۋە
نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەڭ دەرىجە-
لىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئورگان-
لىرى، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ئاسا-
سىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە يۈر-
گۈزۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە مەدەت بېرى-
شى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات،
تەرەققىيات، مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ -
چوڭ مەسىلىلەر ۋە خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك
كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، جەمئىيەتتە ئىنكاس كۈچلۈك
بولغان مەسىلىلەرنى دەۋر قىلىپ، قانۇننىڭ ئىج-
راسى جەھەتتىكى تەكشۈرۈشنى پىلانلىق، نۇقتى-
لىق ئېلىپ بېرىش لازىم. ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ
قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار ۋە ئەدلىيە ئور-
گانلىرىنىڭ خىزمىتىنى باھالاشنى ئۈزلۈكسىز قا-
نات يايدۇرۇلۇپ، قانۇننى كەسكىن، قاتتىق ئىجرا
قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ۋەزىپە ئۆتەش
ئەھۋالىنى باھالاپ، نازارەت قىلىش سالمىقىنى ئا-
شۇرۇشى كېرەك. ئايرىم دېلولارنى نازارەت قى-
لىش، ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش، سو-
رۇشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇ-
نۇملۇك شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئەدلىيە خىزمە-
تىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش لازىم.
قانۇن نازارەتچىلىكىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ-
كە قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىپ،
سۈپەتكە ۋە ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.
ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەك-
شۈرۈش ۋە باھالاش خىزمىتىدە سېزىلگەن قانۇنغا
خىلاپ مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر
تەرەپ قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم.
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن نازارەتچىلىكىنى جاما-
ئەت پىكرى نازارەتچىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ،
قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ۋە تى-
پىك دېلو مىساللىرى شۇنداقلا تەكشۈرۈپ بىر تە-
رەپ قىلىش، ياخشىلاش ئەھۋالىنى ئاممىغا ئېلان
قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خەلق
ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش كېرەك.

يولداشلار، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قى-
لىش ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلۈپ، دۆلىتىمىز-
نىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى تارىخىدا
يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئى-
دارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتو-
نوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدە-
مىنى تېزلىتىش داۋامىدا، ھەر دەرىجىلىك يەرلىك
دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى 1 - سەپتە تۇرۇپ،
مۇھىم ۋە مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. بىز
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە،
باش شۇجى جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇ-
شۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى
ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە
قىلىش فاڭجېنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئى-
شەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگى-
رىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىيە - قا-
نۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرى
سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدا-
رە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېڭى بىر يىلدىكى
ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈز-
لۈك ئورۇنداشقا يېڭى تۆھپە قوشايلى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش نىزامى

(1999- يىل 1- ئاينىڭ 23- كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 7 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى (9 — 9 - نومۇرلۇق)**

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش نىزامى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 7 - يىغىنىدا 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە شوپۇر، مەشغۇلاتچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ھادىسىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئازايتىش، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېرىقچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئېتىز-ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلار، يېزا ئىگىلىك ترانسپورت ئاپتوموبىللىرى، باشقا ئۆزى يۈرەر ئېنېرگىيە ماشىنىلىرى ۋە قۇۋۋىتى 8.88 كىلوۋاتتىن يۇقىرى تۇرغۇن ماشىنىلارنى كۆرسىتىدۇ.

**3 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىدىغانلار ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ شوپۇر، مەشغۇلاتچىلىرى شۇنىڭدەك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ھەم شەخسلەر بۇ نىزامغا رىئايە قىلىشى كېرەك.

**4 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. كونكرېت خىزمەتنى ئۇنىڭ قارمىقىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتى يولغا قويىدۇ.

**5 - ماددا** يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا پايدىلىق بولۇش، دېھقانلارغا قولايلىق يارىتىش، بىخەتەر مەشغۇلاتقا كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ.

## 2 - باب يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش

6 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى سېتىۋالغانلار ناھىيىلىك، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتىنىڭ تېخنىكىلىق تەكشۈرۈشىدە لاياقەتلىك بولغان، نومۇر تاختىسى، يول يۈرۈش كىنىشكىسى ۋە ئىشلىتىش كىنىشكىسى ئالغاندىن كېيىن ئىشلىتىشى كېرەك.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېتىش، نوپۇسنى يۆتكەش ۋە براكقا چىقىرىش قاتارلىقلاردا، ئاۋۋال شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتىغا بېرىپ ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش كېرەك؛ باشقا ئۆزگىرىشلەرنى شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتىغا ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك.

7 - ماددا ئۆزى يۈرەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رەسمىي نومۇر تاختىسى ئالماي تۇرۇپ ماڭدۇرۇشقا توغرا كەلسە، ماشىنا ئىگىسى شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتىدىن ۋاقىتلىق نومۇر تاختىسى ئېلىشى ھەمدە بەلگىلەنگەن لىنىيە بويىچە ماڭدۇرۇشى كېرەك.

8 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ نومۇر تاختىسى، كىنىشكىسىنى ئارىيەت بېرىش، ئۆزگەرتىۋېلىش ۋە ياسىۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

9 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قەرەللىك ھالدا تېخنىكىلىق تەكشۈرتۈش كېرەك، تەكشۈرتمىگەن ياكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەنلىرىنى داۋاملىق ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

10 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتى دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەش تېخنىكا قائىدىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

ناھىيە - يېزا يوللىرى ۋە ئۆلكە، دۆلەت يوللىرىغا چىقىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتى دۆلەتنىڭ ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ بىخەتەر يۈرۈش تېخنىكا قائىدىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش ۋاستىلىرىنى باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ نازارىتى ۋە تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

11 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئەسلىدىكى بىخەتەرلىك تېخنىكا ئىقتىدارىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈش شەرت. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى قوراشتۇرۇۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

## 3 - باب يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ شوپۇرلىرى ۋە مەشغۇلاتچىلىرىنى باشقۇرۇش

12 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ شوپۇرلىرى، مەشغۇلاتچىلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شوپۇرلۇق مەكتىپى (كۇرسى) ياكى شەرتى توشىدىغان شەخسلەر تەرىپىدىن تەربىيىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتىنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ياكى مەشغۇلات كىنىشكىسى ئالغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ھەيدىشى ياكى ئۇنىڭدا مەشغۇلات قىلىشى لازىم.

13 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ شوپۇرلىرى، مەشغۇلاتچىلىرى بىخەتەر ھەيدەش ۋە مەشغۇلات قىلىش قائىدىسىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتىنىڭ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشى ۋە يىللىق تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. يىللىق تەكشۈرتمىگەن ياكى يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەنلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ھەيدىشىگە، ئۇنىڭدا مەشغۇلات قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

14 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ شوپۇرلىرى، مەشغۇلاتچىلىرىدىن نوپۇسى ياكى ئىشلەيدىغان ئورنى ئۆزگەرگەنلىرى نوپۇس ياكى ئورۇن يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى لازىم.

15 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ھەيدەشتە، ئۇنىڭدا مەشغۇلات قىلىشتا شوپۇرلۇق كىنىشكىسى، مەشغۇلات كىنىشكىسى ۋە يول يۈرۈش كىنىشكىسى، ئىشلىتىش كىنىشكىسىنى بىللە ئېلىپ يۈرۈش، ھەيدىگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تىپى شوپۇرلۇق كىنىشكىسىدا يېزىلغان ماشىنا تىپىغا ئوخشاش بولۇش لازىم؛ تۆۋەندىكى قىلمىشلار مەنئى قىلىنىدۇ:

(1) يېزا ئىگىلىك ماشىنىسىنى شوپۇرلۇق كىنىشكىسى، مەشغۇلات كىنىشكىسى يوقلارنىڭ ھەيدىشىگە، مەشغۇلات قىلىشىغا بېرىش؛

(2) يېزا ئىگىلىك ماشىنىسىنى ھاراق ئىچىۋېلىپ ھەيدەش، ئۇنىڭدا مەشغۇلات قىلىش؛

(3) بىخەتەر ئىشلەش تېخنىكا شەرتىگە ئۇيغۇن بولمىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىسىنى ھەيدەش، ئۇنىڭدا مەشغۇلات قىلىش؛

(4) قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئادەم سېلىش ياكى يۈك بېسىش؛

(5) بىخەتەر مەشغۇلات قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان كېسەل بولغاندا ياكى ھەددىدىن زىيادە چارچىغاندا يېزا ئىگىلىك ماشىنىسىنى ھەيدەش، ئۇنىڭدا مەشغۇلات قىلىش؛

(6) قانۇن، نىزاملاردا مەنئى قىلىنغان باشقا قىلمىشلار.

16 - ماددا ئۆزى يۈرەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ھەيدەشنى ئۆگىنىش كىنىشكىسى بار شوپۇرلار يېزا ئىگىلىك ماشىنىسىنى ئۆگەتكۈچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۆرسىتىلگەن لىنىيە بويىچە ھەيدىشى كېرەك.

## 4 - باب مۇلازىمەت ۋە نازارەتچىلىك

17 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى تەرىپىدىن تەربىيىلىنىپ ئىمتىھان بېرىپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى ئالغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى لازىم.

18 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا بىر تۇتاش پورما كىيىشى، بىر تۇتاش بەلگە تاقىشى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى كۆرسىتىشى كېرەك. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ شوپۇرلىرى، مەشغۇلاتچىلىرى يۇقىرىقى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ تەكشۈرۈشىنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

19 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش ۋە نومۇر تاختىسى، كىنىشكا بېرىشتە، دېھقانچىلىق مەۋسۇمىگە بىرلەشتۈرۈپ ئالدىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن دېھقانلارغا قولايلىق يارىتىشى، تېز مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن ئىلتىماس قىلىنغان ئىشلارنى شۇ كۈنى بېجىرىپ بولۇش لازىم.

20 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ئىش تۈزۈمىنى ئاشكارىلىشى، ئىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇشى، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتماسلىقى كېرەك.

21 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى پاش قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، جەمئىيەتنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۈستىدىن پاش قىلىنغان ئىشلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى 30 كۈن ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىشى ھەمدە پاش قىلغۇچىغا جاۋاب بېرىشى كېرەك.

22 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ھەققى ئېلىشتا، ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرنى ئاساس قىلىشى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن ھەق

ئېلىش تۈرى ۋە ئۆلچىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك. ھەق ئېلىش تۈرىنى خالىغانچە كۆپەيتىش، ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ شوپۇرلىرى، مەشغۇلاتچىلىرى ۋە ماشىنا ئىگىلىرى قانۇن، نىزام ئاساسى بولمىغان ھەقلەرنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

## 5 - باب ھادىسىنى بىر تەرەپ قىلىش

23 - ماددا بۇ نىزامدا ئېيتىلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا ھادىسىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يېزا - كەنت يوللىرىدا ۋە يېزىلاردىكى باشقا مەشغۇلات سورۇنلىرىدا پەيدا قىلغان ھادىسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

24 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنا ھادىسىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى مەسئۇل بولىدۇ. كونكرېت چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئايرىم تۈزۈپ چىقىدۇ.

25 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ھادىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا يوقىلىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان ياكى كېيىن قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى قانۇن بويىچە ئالدىن تىزىملاپ ساقلىسا بولىدۇ.

26 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنا ھادىسىسى تالاپەتنىڭ ياكى مال - مۈلۈك زىيىنىنىڭ دەرىجىسىگە ۋە مىقدارىغا قاراپ، يېنىك ھادىسە، ئادەتتىكى ھادىسە، ئېغىر ھادىسە ۋە پەۋقۇلئاددە ئېغىر ھادىسە دەپ 5 خىلغا ئايرىلىدۇ.

27 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنا ھادىسىسىدىكى جاۋابكارلىق جاۋابكارنىڭ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالى ۋە پەيدا قىلغان ئاقىۋىتىگە قاراپ بېكىتىلىپ، تولۇق جاۋابكارلىق، ئاساسلىق جاۋابكارلىق، تەڭ جاۋابكارلىق، ئىككىنچى ئورۇندىكى قوشۇمچە جاۋابكارلىق ۋە جاۋابكارسىز دەپ 5 خىلغا ئايرىلىدۇ.

28 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنا ھادىسىسىدە جىسمانىي جەھەتتە زەخىملەنگەنلەرنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا توغرا كەلسە، داۋالىنىش ھەققىنى ھادىسە پەيدا قىلغۇچى ياكى ماشىنا ئىگىسى ئالدىن بېرىپ تۇرىدۇ، دېلو ئاياغلاشقاندىن كېيىن ھادىسىدىكى جاۋابكارلىققا قاراپ تۆلەيدۇ.

29 - ماددا يېزا ئىگىلىك ماشىنا ھادىسىسىدە پەيدا بولغان زىياننى جاۋابكار ئۈستىگە ئېلىشتا تېگىشلىك جاۋابكارلىقىغا ئاساسەن قانۇن بويىچە تۆلەيدۇ. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، جاۋابكارلىق ۋە زىياننى بېكىتكەندىن كېيىن، زىيان تۆلىمىنى مۇرەسسە قىلىدۇ.

مۇرەسسەدە كېلىشىم ھاسىل قىلغىلى بولمىسا ياكى كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن بىر تەرەپ كېلىشىمنى ئىجرا قىلمىسا، ئالاقىدارلار خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

## 6 - باب قانۇن جاۋابكارلىقى

30 - ماددا مۇشۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارغا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى تەنقىد - تەربىيە بېرىدۇ ھەمدە ئۇلارنى چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ 50 يۈەندىن 200 يۈەنگىچە جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىغا قوشۇمچە شوپۇرلۇق كىنىشكىسى، مەشغۇلات كىنىشكىسىنى بىر ئاي توختۇپ قېلىش جازاسى بەرسە بولىدۇ:

(1) بىخەتەرلىك تېخنىكىسى بويىچە تەكشۈرتۈلمىگەن ياكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ھەيدىگەنلەر؛

(2) يىللىق تەكشۈرتمەي ياكى يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا مەشغۇلات قىلغانلار؛

(3) ماشىنىنىڭ تىپى شوپۇرلۇق كىنىشكىسىغا يېزىلغىنىغا ئوخشاش بولمىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىسىنى ھەيدىگەنلەر؛

(4) نومۇر تاختىسى، كىنىشكىسى بولمىغان

ياكى بىخەتەر ئىشلەش تېخنىكا تەلىپىگە ئۇيغۇن بولمىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىسىنى ھەيدىگەنلەر، ئۇنىڭدا مەشغۇلات قىلغانلار؛

(5) قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئادەم سالغان ۋە يۈك باسقانلار؛

(6) بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى قوراشتۇرۇۋالغان، ئۆزگەرتىۋالغانلار؛

(7) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كىنىشكىسىز ياكى ھاراق ئىچىۋېلىپ ھەيدىگەن، ئۇنىڭدا مەشغۇلات قىلغانلار؛

(8) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ نومۇر تاختىسى، كىنىشكىسى، شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ۋە مەشغۇلات كىنىشكىسىنى ئۆزگەرتىۋالغان، ياسىۋالغان، ئارىيەت بەرگەنلەر.

ئالدىنقى تارماقنىڭ 7-تارماقچىسىدا كۆرسىتىلگەن ئەھۋال كۆرۈلسە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىسىنى ۋاقىتلىق تۇتۇپ قېلىش مەمۇرىي تەدبىرىنى قوللانسا بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك ماشىنىسىنى ۋاقىتلىق تۇتۇپ قېلىش مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**31 ـ ماددا** يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتى ئېغىر ھادىسىدىن يۇقىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ھادىسىسى پەيدا قىلغان جاۋابكارلارنىڭ شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ياكى مەشغۇلات كىنىشكىسىنى بىكار قىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**32 ـ ماددا** يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىرىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىنى رەت قىلغان، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغانلارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە جازالايدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**33 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامغا خىلاپ باشقا قىلمىشلاردىن مەمۇرىي جازا بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**34 ـ ماددا** ئالاقىدارلار مەمۇرىي جازا قارارىغا قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى دەۋا قىلسا بولىدۇ. قەرەلى توشقىچە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا، دەۋا قىلمىسا، جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىسا، جازا قارارى چىقارغان ئورگان خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

**35 ـ ماددا** يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىدىن بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىغا ئۆز ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ زىيان پەيدا قىلغانلىرى تۆلەم تۆلەيدۇ:

(1) بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ھەق ئالغان، جەرىمانە قويغانلار؛

(2) كىنىشكا، نومۇر تاختىسىنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا كەلسە - كەلمەس تارقاتقانلار؛

(3) يېزا ئىگىلىك ماشىنىسىنى قانۇنسىز ھالدا ۋاقىتلىق تۇتۇپ قالغان ياكى كىنىشكىنى قانۇنسىز بىكار قىلغان، تۇتۇپ قالغانلار؛

(4) خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلانغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغان، پارا سورىغان، پارا ئالغانلار؛

(5) خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان، ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلار.

ئالدىنقى تارماقنىڭ 4 ـ، 5 ـ تارماقچىسىدىكى قىلمىشنى سادىر قىلىپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

## 7 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**36 ـ ماددا** بۇ نىزام 1999 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. 1993 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش چارىسى» شۇ ۋاقىتتا بىكار قىلىنىدۇ.

# كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرەيلى



ئابلەت مامۇت

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» 1998 - يىل 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ماقۇللىنىپ رەسمىي يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، كەنت ئاھالىلىرى ئاپتونومىيىسى (ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش) نى يولغا قويۇش، يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش، كەنت ئاھالىلىرى ئاپتونومىيىسى تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم بىر قانۇنغا ئايلاندى.

ھەر قانداق بىر قانۇن ھەر قانچە ياخشى تۈزۈلگەن بىلەن توغرا ئىجرا قىلىنمىسا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلالمايدۇ ۋە قىممىتىنى ساقلىيالمايدۇ. كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە زور رېئال ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، بۇ قانۇننى ئومۇميۈزلۈك، ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

1. يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتىپ، كەنت ئاھالىلىرى ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇش — پارتىيىمىز يۈز مىليونلىغان دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىدىغان ئۇلۇغ ئەمەلىيەت. پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى كەنت ئاھالىلىرى ئاپتونومىيىسىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، بۇ 900 مىليون دېھقاننىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى دەپ كۆرسەتتى. بۇ قانۇندا يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتىپ، كەنت ئاھالىلىرى ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈشكە ئائىت نۇرغۇن بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. شۇڭا، بىز ھەر خىل ئۈنۈملۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاخبارات، جامائەت پىكرى جەھەتتىكى تەشۋىقات خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا بۇ قانۇننى ئۆگە-

نىش، تەشۋىق قىلىش بويىچە زور داغدۇغا قوزغاپ، بۇ قانۇننىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن ھەممە ئائىلىنى، ھەممە ئادەمنى خەۋەردار قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مۇۋاپىق ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر خىل كۇرسلارنى ياخشى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە كەنت ئاھالىلىرىنى بۇ قانۇننى ياخشى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش ئارقىلىق، كەڭ يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ ئاساسىي روھى ۋە مۇھىم بەلگىلىمىلىرىنى ھەقىقىي ئىگىلەپ، كەنت ئاھالىلىرى ئاپتونومىيىسىگە، دېھقانلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىش، خەلقنىڭ ئوبدان چاكىرى بولۇش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىۋېلىش، ئۆزىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى توغرا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. قىسقىسى، بۇ قانۇننى ئۆگىنىشنى پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، بۇ قانۇننى چوڭقۇر ئۆگىنىش، كەڭ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى مۇشۇ قانۇن ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

2. بۇ قانۇننى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ تۆت نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن پۈتكۈل يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن:

بىرىنچى، كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتى كەنت ئاھالىلىرى بىۋاسىتە سايلاش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇ قانۇننىڭ 11 ـ، 12 ـ، 13 ـ، 14 ـ ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتىنىڭ سايلىمىغا كەنت ئاھالىلىرى سايلام ھەيئىتى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. سايلام ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى كەنت ئاھالىلىرى كېڭىشىنىڭ ياكى ھەر قايسى كەنت ئاھالىلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ سايلىشى ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ. كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ئەزالىرى نامزاتىنى شۇ كەنتنىڭ سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئاھالىلىرى بىۋاسىتە كۆرسىتىدۇ. كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى شۇ كەنت ئاھالىلىرى بىۋاسىتە سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرىدۇ. سايلام نەتىجىسىنىڭ خەلق رايىغا ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دېموكراتىك سايلامنى شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن سايلامنى قانۇن بويىچە تەشكىللىك، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىدە ياخشى، ئىستىلى دۇرۇس، بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، ئىقتىدارلىق، باشقۇرۇشقا ماھىر، كۆپچىلىكنى باي بولۇشقا يېتەكلىيەلەيدىغان، ئىشنى ئادىل قىلىدىغان، ئامما ھىمايە قىلىدىغان باشلامچىلارنى كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتى تەركىبىگە سايلاش لازىم. سايلام جەريانىدا مەمۇرىيەت چات كىرىۋېلىش، ئىچكى قىسىمدا بېكىتىپ قويۇش، كۆرسىتىپ سايلاتقۇزۇش، پارا بېرىپ سايلىتىش، شۇنداقلا مەزھەپچىلىك ياكى ئۇرۇق - جەمەت كۈچلىرى سايلامنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاشىلا سېلىش قاتارلىق نورمالسىز ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ قالسا ئۇنى قەتئىي توسۇش ۋە تۈزىتىش، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە ئۇنى قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، كەنتلەردە دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش لازىم. دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش — يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. شۇڭا بۇ قانۇننىڭ 17 ـ، 18 ـ ۋە 19 ـ ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە كەنت ئاھالىلىرى كېڭىشى ياكى كەنت ئاھالىلىرى قۇرۇلتىيىنى ئوبدان ئېچىپ، يېزا جۇغلانمىسىنى يىغىش ئۇسۇلى، كەنت قالدۇرۇق-

نى يىغىش ۋە ئىشلىتىش، قوشۇمچە تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدىغان كەنت كادىرلىرىنىڭ سانى ۋە تەمىنات ئۆلچىمى، كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ تاپاۋىتىنى ئىشلىتىش، مەكتەپ سېلىش، يول ياساش قاتارلىق ئومۇمغا پايدىلىق ئىشلاردا كەنت ئاھالىلىرىدىن مەبلەغ يىغىش لايىھىسى، يەر ھۆددىگە بېرىش، تۇرالغۇ ئۆي ئورنىنى ئىشلىتىش ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ تۈرىنى تاللاش ۋە ھۆددىگە بېرىش لايىھىسى قاتارلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مۇھىم ئىشلارنى كەنت ئاھالىلىرى كېڭىشى ياكى كەنت ئاھالىلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سۇنۇپ، كۆپ سانلىق دېھقانلارنىڭ پىكرى بويىچە قارار چىقىرىش لازىم. شۇ ئارقىلىق كەنتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە تەدبىر بەلگىلەشنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، ئىلمىيلاشتۇرۇش، كۆپ سانلىق دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئەمەلىيەت شۇنداق قىلىش ئاز ساندىكى كادىرلارنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولۇپ كېتىشتىن، تەدبىر بەلگىلەشتىكى سەۋەنلىكتىن ساقلىنىشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئۈچىنچى، كەنتلەردە دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش لازىم. كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتى دېھقانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەيدىغان ۋە ئۆزىگە ئۆزى خىزمەت قىلىدىغان ئاپتونومىيە تەشكىلاتى. شۇڭا كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتى بۇ قانۇننىڭ 20 -، 21 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسىتى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىغا ئاساسەن ئۆز كەنتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، بارلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى ئارقىلىق، ئاساسىي قانۇن، قانۇن - نىزاملارغا ۋە دۆلەت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلماسلىق ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى» ۋە «كەنت ئەھدىنامىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، دېھقانلارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى، كەنت دەر-جىلىك ھەر خىل تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، خىزمەت تەرتىپىنى شۇنداقلا ئىگىلىك باشقۇرۇش، جەمئىيەت ئامانلىقى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قائىدە - يوسۇنى، نىكاھ، ئائىلە، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق جەھەتتىكى تەلەپنى ناھايىتى ئېنىق، چۈشىنىشلىك قىلىپ بەلگىلەپ، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشقا قولايلىق يارىتىشى لازىم.

تۆتىنچى، كەنتلەردە دېموكراتىك نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش لازىم. ئاشكارا بولۇش — دېموكراتىيىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇنداقلا دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم يولى ۋە ئالدىنقى شەرتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، «ئىشنىڭ تەكتىنى ئاممىغا ئېنىق بىلدۈرۈپ، كادىرنى گۇماندىن ساقىت قىلىش» قا، زىددىيەتنى ئۈنۈملۈك يۇمشىتىپ، كادىرلار بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشقا پايدىلىق. شۇڭا، بۇ قانۇننىڭ 18 -، 22 -، 23 -، 24 - ۋە 25 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتى كەنت ئاھالىلىرى كېڭىشى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. كەنت ئاھالىلىرى كېڭىشى ھەر يىلى كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىدۇ ھەمدە كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ خىزمىتىنى باھالايدۇ. كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتى مۇشۇ قانۇننىڭ 19 - ماددىسىدا كەنت ئاھالىلىرى كېڭىشى ياكى كەنت ئاھالىلىرى قۇرۇلتىيى مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن ئىشلارنى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇش ئەھۋالىنى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ھەم ئۇلار ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى كەنت ئاھالىلىرىگە ئاشكارىلىشى، بۇنىڭدا مۇھىم نۇقتىنى مالىيە ئىشلىرىنى ئاشكارىلاشقا قارىتىشى، مالىيىگە چېتىلىدىغانلىكى ئىشلارنى كەم دېگەندە ئالتە ئايدا

بىر قېتىم ئېلان قىلىش ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتى كەنت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاممىنىڭ پىكرىنى كەڭ كۆلەمدە ئاڭلاپ، ئىشنى ئادىل قىلىشى، كۆپ ساندىكى ئامما ياقتۇرمىغان ئىشنى قەتئىي قىلماسلىقى ياكى توختىتىشى كېرەك. كەنت ئاھالىلىرى دېموكراتىك باھالاشتا نامۇۋاپىق دەپ باھالاپ قويغان كەنت كادىرلىرىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇۋېتىش لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك بولۇپمۇ ناھىيە دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتىنىڭ دېموكراتىك سايلام تۈزۈمى ۋە كەنت ئاھالىلىرى كېڭىشى ياكى كەنت ئاھالىلىرى قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئاساسىي شەكىل قىلغان دېموكراتىك مۇزاكىرە قىلىش تۈزۈمى بىلەن كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش، دېموكراتىك باھالاش ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن قەرەللىك دوكلات بېرىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان دېموكراتىك نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەم بېرىپ، كەنت ئاھالىلىرى ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇش خىزمىتىنىڭ تۈزۈملىشىشى ۋە قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

3. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە دۆلەت قانۇنىنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتەك مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا ئۇلار كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى يولغا قويۇشقا بولغان نازارەتچىلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش، كۆزدىن كەچۈرۈش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، ئالاقىدار تارماقنىڭ خىزمىتىنى باھالاش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇل ۋە شەكىللەرنى قوللىنىپ، بۇ قانۇننىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللىشىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلار بۇ قانۇننىڭ 14 - ۋە 30 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتىنىڭ سايلام چارىسى بىلەن كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسىنىڭ لايىھەسىنى تەييارلاش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، ئۇنى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا تېزرەك سۇنۇشى، شۇ ئارقىلىق ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى قاراتمىلىقى ئېنىق، تەتبىقلىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان يەرلىك نىزاملار بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم.

شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىش كېرەككى، كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۈزلۈكسىز يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، دېھقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ئېڭى تېخىمۇ كۈچەيگۈسى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ئاساسىي تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگۈسى، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش جەريانى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلگۈسى.

( ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خ ق
دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى،
قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى)

# دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

◆ مەمەتيۇسۇپ تاھىر ◆

1. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان مۈلۈكچىلىك شەكلى بولۇپ، ھازىرقى باسقۇچتا، دۆلەت جەمئىيەتتىكى پۈتكۈل ئەمگەكچىلەرگە ۋاكالىتەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. كىشىلەر بۇ خىل ئىگىلىك شەكلىنى ئادەتتە دۆلەت ئىگىلىكى دەپ ئاتايدۇ.

ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىك خەلق ئىگىلىكىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي بازىسى بولۇپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ سوتسىيالىزم يۆنىلىشىنى بويلاپ تەرەققىي قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا خەلق ئىگىلىكىدىكى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشى ۋە زامانىۋىلىشىشىنى ھەر خىل ماددىي، تېخنىكا شارائىتلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغلەرنىڭ زور كۆپ قىسمى ئۇنىڭدىن كېلىدۇ. دېمەك، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىك سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ ماددىي كاپالىتى.

ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىكنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئۇستۇنلۈكى ۋە يېتەكچى رولى ئاساسەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سانائەت كارخانىلىرى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ دۆلەت كارخانىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ) 10 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى سانائەت كارخانىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %2.5 ىنى ئىگىلەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ياراتقان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %45.6 ىنى، دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان پايدا ۋە باجنىڭ %60 ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى خام نېفىت، پاراۋۇز، يۈك پويىزى، يولۇچىلار پويىزى، ئايروپىلان، پاراخوت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك چوڭ كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئېلېكتر كۈچى، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېفىت، توك چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، پولات، 20 ئات كۈچىدىن يۇقىرى تراكتور قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ %90 ىدىن كۆپرەكىنى، ئاپتوموبىل، پولات ماتېرىيالى، چۆيۈن، ئاساسلىق رەڭلىك مېتال قاتارلىقلارنىڭ %80 ىدىن كۆپرەكىنى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىدۇ. يەنە نۇرغۇن تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ يەنى شېكەرنىڭ %91 ىدىن كۆپرەكىنى، سانائەتنىڭ %71 ىنى، ۋېلسىپىتنىڭ %66 ىنى، توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ %42 ىنى ئاشۇ كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىدۇ.

دۆلەت كارخانىلىرى ئۆزىنىڭ ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىق كىشىلەر قاتارلىق تەرەپلەردىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكى، شۇنىڭدەك دۆلەتكە قوشقان زور تۆھپىسى بىلەن خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلە-

رىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. جەمئىيەت بايلىقىنىڭ
ئاساسلىق يارانقۇچىلىرى، دۆلەت مالىيە كىرىمە-
نىڭ ئاساسلىق مەنبەسى، تېخنىكا ئۆزگىرىشىنىڭ
يېتەكچى كۈچى. شۇڭا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخ-
شى باشقۇرۇش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي
كۈچىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى
ئۆستۈرۈش، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى ئىگىلىك-
نىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى مۇستەھكەم-
لەش، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جا-
رى قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەت-
كە ئىگە.

2. دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ،
ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىكنى
مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كارخانا
تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش
كېرەك. دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان
20 يىلدىن بۇيان، ھەر قايسى ساھەلەردە ئاجايىپ
زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. جۈملىدىن،
دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدىمۇ خۇشاللىنارلىق
نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، كارخانىلارنىڭ قى-
ياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. يەنى كارخانى-
لار دۆلەتنىڭ «چوڭ قازان تامىقى» نى تەڭ يەيدى-
غان، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بولسا كارخانىنىڭ
«چوڭ قازان تامىقى» نى يەيدىغان ۋەزىيەتكە خاتىمە
بېرىپ، كارخانىلارنىڭ ياخشى باشقۇرۇلۇشى بىلەن
ناچار باشقۇرۇلۇشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ
كۆپ ئىشلىشى بىلەن ئاز ئىشلىشى پەرقلەندۈرۈل-
دى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاك-
تىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقى زور
دەرىجىدە ئاشتى. دۆلەت بىلەن كارخانىلار ئوتتۇ-
رىسىدا توغرا مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ، كارخانىلار-
نىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى كېڭەيتىل-
دى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇ-
مىي خەلق ئىگىدارچىلىقىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبا-
رەت ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، ئىگىلىك باشقۇرۇش
ھوقۇقىنى يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى
باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقىنى كارخانىلارغا
ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، دۆلەت ئىگىدارچىلىق قىلىش،
كارخانا ئىگىلىك باشقۇرۇش يولىغا قويۇلدى. نەتى-
جىدە كارخانىلار تاشقى جەھەتتە رىقابەت بېسىمىغا،
ئىچكى جەھەتتە ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ
كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچى زور
دەرىجىدە ئاشتى. بىراق دۆلەت كارخانىلىرىدا ئو-
مۇمەن ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ھۆددىگە ئېلىش
مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قوللىنىلىپ، ئىگىلىك باش-
قۇرۇشتا تەدبىر بەلگىلەش، ئاپپاراتلارنى تەسىس
قىلىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىچكى قىسىمدا
تەقسىم قىلىش، تېخنىكا كىرگۈزۈش، ئىشچى
ئىشلىتىش ... قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز ئالدىغا
ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بېرىلگەچكە، زاۋۇت باشلى-
قى (دىرېكتور) مەسئۇل بولۇشتەك، كارخانا رەھ-
بەرلىك تۈزۈلمىسىدە يۇقىرىقى ھوقۇقلار زاۋۇت
باشلىقىدىن (دىرېكتور) ئىبارەت بىرلا شەخسنىڭ
قولىغا مەركەزلەشتى. بۇ بىر تەرەپتىن كارخانى-
لارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر قايسى تارماقلار-
نىڭ خىزمەتلىرىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، ئىش-
لەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتىنىڭ
ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا پايدىلىق بولسا، يەنە
بىر تەرەپتىن، بىر قىسىم كارخانا باشلىقلىرىدا
بيۇروكراتلىق ئىدىيىسىنى كۈچەيتىپ، ھوقۇقنى
قالايمىقان ئىشلىتىش، خىزمەتتە ئۆز بېشىمچىلىق
قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دۆلەت، كارخانا،
ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەنپەئىتىنى ئېغىر زىيانغا
ئۇچراتتى ياكى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قى-
لىشتەك جىنايى قىلمىش بىلەن ئۆز پۇتىغا ئۆزى
پالتا چاپتى. ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن، بيۇروكرات-
لىق خاھىشىنىڭ كۈچىيىشى دېموكراتىيىنى بو-
غۇپ، قانۇن - قائىدىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتەك
ھۆكۈمەتسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ
بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە
ئىجادچانلىقىغا ئېغىر تەسىر يەتتى.

پۈتكۈل ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئى-
جادچانلىقى كارخانا ھاياتىي كۈچىنىڭ مەنبەسى،
ئەمگەكچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا ھەقىقىي كا-
پالەتلىك قىلىنغاندىلا، ئۇلارنىڭ كارخانا ھاياتىي كۈ-

چىنى ئاشۇرۇشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ كارخانىلاردىن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان بولۇش، جان - دىلى بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش، دېموكراتىك باشقۇرۇشنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دەل كارخانىلارنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرىدىغان بىر خىل باشقۇرۇش تۈزۈمىدۇر.

3. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ فۇنكسىيىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ كارخانىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولۇپ، كارخانىنىڭ مۇھىم سىياسەتلىرىنى بەلگىلەيدۇ. كارخانا رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى نازارەت قىلىدۇ. كارخانا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەپتىش قىلىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. مەيلى خاراكتېر جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى فۇنكسىيىسى جەھەتتىن بولسۇن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا نۆۋەتتە كارخانا ئىسلاھاتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، كارخانىلار ئىچكى قىسمىغا قارىتا قاراتمىلىقى بولغان بىر قاتار كونكرېت ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىش ناھايىتى زۆرۈر. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش دەل بۇ خىل ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلىي قەدىمى قىلىنىشى كېرەك. چۈنكى زىيان تارتىشتىن پايدىغا قاراپ يۈزلەنگەن بىر قانچە چوڭ تىپتىكى كارخانىنىڭ بىر قانچە يىللىق ئەمەلىيىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتىكى، كارخانا ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىكى ھەقىقىي دېموكراتىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى.

بىرىنچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ سوتسىيالىزم يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

دۆلەت كارخانىلىرى سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈۋرۈكى بولۇپ، دۆلەت ئۇلار ياراتقان ماددىي بايلىق ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۆزىنى كۈچەيتىدۇ. دۆلەت خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت». ① شۇڭا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە تۈۋرۈكى بولغان دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنىڭ ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسىنىڭ خاراكتېرىنى بىۋاستە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەمەلىي پاكىت.

سوتسىيالىستىك كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ مەقسىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش نۇقتىسىدىن بولسۇن، بۇ يەردىكى ئەڭ ئاساسلىق جانلىق ئامىل يەنىلا ئادەم ئامىلىدۇر. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلاھات ئادەم ئۈستىدىكى ئىسلاھات يەنى ئادەمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئادەمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈستىدىكى ئىسلاھات. بۇ يەردىكى «تەرەققىي قىلدۇرۇش»، «مۇكەممەللەشتۈرۈش» پەقەت ئۇلارنى زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىشقا ماسلىشالايدىغان قىلىش ئۈچۈنلا بولماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى خوجايىنلىق سالاھىيىتىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈشكە پايدىلىق بولغان بولۇش كېرەك. مانا بۇ سوتسىيالىستىك كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىدۇر. دېمەك ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىر جەھەتتە «ماياك» لىق رولىنى ئويناپ كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولۇشىنى، ئىسلاھاتنىڭ سوتسىيالىزم يۆنىلىشى-

دىن چەتنەپ كەتمەسلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا، كارخانىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش، كارخانا ئىشلىرىدا ئوچۇق - ئاشكارا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قانداق باشقۇرۇلۇشى، ھەر ۋاقىت ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ كونكرېت مەنپەئىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، پەقەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرلا كارخانا باشقۇرۇشنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقىنى ئەتراپلىق ۋە بىۋاسىتە چۈشىنىدۇ. دېموكراتىك سىياسىنىڭ جەۋھىرى خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشتۇر. كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسىنى كارخانا باشقۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشتۇرغاندىلا، باشقۇرۇش ئورگانلىرى ۋە باشقۇرغۇچىلارغا كەڭ كۆلەمدە نازارەتنى يولغا قويغاندىلا، ئاپپاراتلاردىكى كەمچىلىكلەرنى تۈگەتكىلى، بيۇروكراتلىق خاھىشلارنى تۆپ يىلتىزىدىن قۇرۇتقىلى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كارخانا پائالىيىتىنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، چوڭ ئەھۋاللارنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئۇقتۇرۇپ ۋە ئۇلارنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، كارخانا خىزمىتىگە قارىتا ئاشكارا نازارەتنى يولغا قويغىلى بولىدۇ. لېنىن «پۈتۈنلەي ئاشكارا بولۇش» نى «كەڭ دېموكراتىيە پرىنسىپى» نىڭ ئىككى شەرتىنىڭ بىرى قىلىپ «ئاشكارا بولماي تۇرۇپ، دېموكراتىيىدىن سۆز ئېچىش كۈلكىلىك ئىش ... تىياتىر سەھنىسىنى تاماشىبىنلارغا ئېچىپ قويغانغا ئوخشاش، سىياسىي سەھنىنى كۆپچىلىك ئالدىغا ئېچىپ قويۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا سىياسىي سەھنىدىكى ھەر بىر ھەرىكەتنى ئومۇميۈزلۈك نازارەت قىلغىلى بولىدۇ» ② دەپ كۆرسەتكەن.

ئۈچىنچى، تۈرلۈك قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىپ، كارخانا باشقۇرۇشنى قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كارخانا باشقۇرۇشنى قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش — كارخانا ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى، تەدبىر بەلگىلەش، مەمۇرىي باشقۇرۇش، مەمۇرىي ئىجرا، ئىشلەپچىقىرىشقا تەشكىللەش، ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش، ئىشچى قوبۇل قىلىش، ئىشتىن قالدۇرۇش، مۇكاپاتلاش، جازالاش، ئۆستۈرۈش، چۈشۈرۈش ... قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە قانۇن بولۇش، قانۇنغا ئاساسلىنىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى كارخانا باشقۇرۇشقا قويۇلىدىغان مۇھىم بىر تەلەپ. كارخانىلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئارقىلىق «قانۇنلىشىش» نى كەڭ كۆلەمدە نازارەت قىلغاندا، ھەم كارخانا باشقۇرۇشتىكى «قانۇنسىز» لىقنى ئۆز ۋاقتىدا سېزىۋالغىلى ۋە توسقىلى، ھەم كارخانا باشلىقلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ قارارىدىكى بەزى ئېغىشلارنى رۇسلىغىلى، مۇشۇ ئاساستا كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بارلىق كارخانا مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە مەمۇرىي خادىملىرىنىڭ قانۇن - تۈزۈم قارىشىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ كارخانا ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگىلى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى قانۇننى بىلىدىغان، قانۇندىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى، خوجايىنلىق ئورنىنى قوغدىيالايدىغان قىلىپ چىققىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك كارخانا ئىشچىلىرى، پائالىيەتچىلىرى ۋە كارخانا باشقۇرغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئويناي-

دۇ.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش باش فاكچېيىندا چىڭ تۇرۇش، دۆلەت، جەمئىيەت، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، كارخانا باشقۇرۇشنى قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زامان كارخانا باشقۇرۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، كارخانا پائالىيەتچىلىرى ۋە كارخانا باشقۇرغۇچىلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئايرىلالمايدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى كارخانا خادىملىرىغا قارىتا دائىملىق، سىستېمىلىق نازارەتنى يولغا قويۇش ئارقىلىق بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك كارخانا خادىملىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئەخلاقى ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بېرىپ، كادىرلار تارماقلىرىنىڭ قابىلىيەتلىك خادىملارنى تاللاپ ئىشلىتىشكە ۋە پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق تەربىيىلىشىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، كارخانا رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ھەم قۇرۇلمىلارنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن تەڭشەشكە ياردەم بېرىدۇ. ئىككىنچىدىن، زور مىقداردىكى ئەمەلىي ماتېرىياللارنى بىۋاستە ئىگىلىگەن ئاساستا ئاساسىي قاتلامدىكى (ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنقى سېپى) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى ۋە ئىقتىدارىنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم مۇنەۋۋەرلىرىنى كارخانا باشقۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش يۈرۈشتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. دېمەك، كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ۋەزىپىدىكى خادىملارنى ھەر تەرەپلىمە نازارەت قىلىپ، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىكلىرىنى ساقلاپ قېلىپ ۋە ئۆستۈرۈپ، قابىلىيەتسىزلىرىنى شاللىغىلى، يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى قابىلىيەتلىكلەرنى بايقاپ زاپاس قابىلىيەتلىك باشقۇرغۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئىنتايىن مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرىي سىنىپ ئىكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشى.

ئۇ — كارخانا ئىقتىسادىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى، ئىشچىلارنىڭ ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى تەشكىلىي شەكىل. ئۇ — پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇلۇش ئۇسۇلىنى، ئىشچىلارنىڭ دېموكراتىيىدىن بەھرىمەن بولۇش ئەھۋالىنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئىشچىلارنىڭ كاپىتالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدىكى ئىشچىلاردىن، دېموكراتىيىدىن بەھرىمەن بولۇش، كارخانا باشقۇرۇشقا قاتنىشىش جەھەتتىمۇ غايەت زور ھوقۇقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، شۇنداقلا ئۇ ئىشچىلار ئارزۇ قىلىدىغان، ئىشىنىدىغان ھەم ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان بىر خىل دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىدىن ئىبارەت.

---

ئىزاھات:

① «سىياسەتشۇناسلىقتىن مۇقەددىمە» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى. 1994 - يىل نەشرى.

② «لېنىن ئەسەرلىرى» 5 - توم. خەنزۇچە نەشرى 449 - 448 - بەتلەر.

پايدىلىنىلغان كىتابلار:

«مەمۇرىيەت ئىلمى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي - قانۇن ئىنستىتۇتىدىن)

# يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقى — بىر نېگىزلىك ھوقۇق

◆ لى شەنۋېي ◆

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قارار قىلىش
ھوقۇقى دېگەنلىك، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت
ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇندا بېرىلگەن خىزمەت
ھوقۇقىغا ئاساسەن، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەر-
گە رىئايە قىلىپ، مەزكۇر مەمۇرىي رايون دائىرى-
سىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردىكى چوڭ - چوڭ
ئىشلارغا قارىتا تولۇق قاراپ چىقىش ئاساسىدا قا-
رار چىقىرىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھوقۇق
سىستېمىسىدا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە
ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قارار چىقىرىش
ھوقۇقىنىڭ رولى «غەيرىي رەسمىي قانۇن چىقى-
رىش ھوقۇقى» ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۇ ھەم قا-
نۇن چىقىرىشتىكى يېتەكچى ھېسابلىنىدۇ، ھەم
قانۇن - نىزاملارنىڭ تەپسىلىيلەشتۈرۈلۈشى ھې-
سابلىنىدۇ. يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى قارار
قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، مەزكۇر
مەمۇرىي رايون دائىرىسىدىكى زور سىياسەت خا-
راكتېرلىك مەسىلىلەرنى ۋە جىددىي ھەل قىلىشقا
تېگىشلىك باشقا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قى-
لىدۇ.

نۆۋەتتە يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قارار
چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە ئاساسلىقى تۆ-
ۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىكى مەسىلىلەر ساقلى-
ماقتا.



بىرىنچىدىن،
تونۇش جەھەتتە ئې-
غىش مەۋجۇت. قارار
چىقىرىش ھوقۇقىغا بول-
غان تونۇش جەھەتتە ئۈچ
تۈرلۈك ھوقۇقنىڭ دىيا-
لېكتىك مۇناسىۋىتى ئاي-
دىڭلاشتۇرۇلمىغان، نا-
زارەتچىلىك ھوقۇقىغا
بەكرەك ئەھمىيەت بېرى-
لىپ، قارار چىقىرىش
ھوقۇقىغا سەل قارال-
غان. خەلق قۇرۇلتىيى-
نىڭ فۇنكسىيىسى ئا-
ساسلىقى ھۆكۈمەت ۋە
ئىككى مەھكىمىنىڭ
خىزمەتلىرىنى نازارەت
قىلىشتىن ئىبارەت دەپ
قارالغانلىقتىن، ھوقۇ-
قىدىن ھالقىپ كېتىش-
تىن ئەنسىرەش ئىدىيى-
سى پەيدا بولۇپ، خەلق
قۇرۇلتىيى قارار قى-
لىشقا تېگىشلىك مۇھىم
ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا
قارار قىلالماي، ھەمىشە
نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى
قارار قىلىش ھوقۇقى-
نىڭ ئورنىغا قويۇپ،
خەلق قۇرۇلتىيىنى پەقەت نازارەتچىلىك ئورگى-
نى، خەلقنىڭ پىكرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئور-
گان دەپ قاراپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھوقۇقلۇق
ئورگان ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ ئالاھىدى-
لىككە سەل قارالغان. ئۇنىڭدىن باشقا قارار قىلىش
ھوقۇقىغا بولغان تونۇش يېتەرلىك بولمىغان، ئا-
ساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
قارار قىلىش ھوقۇقى پەقەت يىغىنچاق قىلىپ،
پرىنسىپال بەلگىلەنگەن، كونكرېت چەك - چېگرى-
سى بېكىتىلمىگەن، يولغا قويۇشتا كونترول قى-
لىش قىيىن دەپ قارالغان، شۇڭا قارار قىلىش
ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە ئومۇمىيۈزلۈك قىيىنچى-
لىق مەۋجۇت بولۇپ، ئادەتتە پەقەت نورمال خاراك-
تېردىكى تەستىقىي قارارلارنى ماقۇللاپ، مۇھىم

مەسىلىلەرگە قارىتا قاراتمىلىقى بولغان قارارلارنى
چىقىرىشتىن ۋاز كەچكەن.

**ئىككىنچىدىن، چەك - چېگرىسى ئېنىق
ئايرىلمىغان.** ئاساسىي قانۇن ۋە «يەرلىك تەش-
كىلىي قانۇن» دا خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائى-
مىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم ئىشلارنى قاراپ چە-
قىپ، قارار قىلىشىغا قارىتا ئاساسىي پرىنسىپال
بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان، بىراق ھەر قايسى جاي-
لارنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىي ئەھۋالى ئوخشاش بول-
مىغانلىقتىن، مۇھىم ئىشلار توغرىسىدا قانداق
ھۆكۈم چىقىرىش قارار قىلىش ھوقۇقىنى تەقەززا
قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىلغا ئايلىنىپ قالغان. مۇ-
ھىم ئىشلارنىڭ دائىرىسى ۋە ئۆلچىمى ئېنىق بېكى-
تىلمىگەنلىكتىن، بەزى يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلار
ئەسلىدە خەلق قۇرۇلتىيى قارار قىلىشقا تېگىشلىك
مۇھىم ئىشلارنىمۇ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قاراپ
چىقىپ قارار قىلىشىغا سۇنمىغان. مەزكۇر مەمۇ-
رىي رايوننىڭ ئومۇمىيلىقى، كەلگۈسىگە چېتىل-
دىغان، خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك
ھەم تەسىرى چوڭ بولغان بەزى ئىشلارغا قارىتا
پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت بىرلىكتە ھۆججەت چۈشۈ-
رۈش شەكلى ئارقىلىق سىياسەت بەلگىلىنىپ،
يولغا قويۇلغان. يەنە بەزى ئىشلار گەرچە قاراپ
چىقىلىپ، ئاۋازغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق يەنە
خەلق قۇرۇلتىيى قارار ماقۇللىغان ئىشلار ۋەكىل-
لەر تەۋسىيە قىلغان بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى
بويىچە، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ ئالاقى-
دار تارماقلىرىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلغان. بۇن-
داق قىلغاندا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار قىلىش
ھوقۇقىدىكى مەۋھۇملۇقنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىققا
ئايلىنىپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

**ئۈچىنچىدىن، تەرتىپ ئاددىي.** خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى
قەتئىي قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئېلىپ
بېرىلىشى، تەكلىپ بېرىش ھوقۇقى بولغان دۆلەت
ئورگانلىرى، ئورۇنلار ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن
سانغا يەتكەن ۋەكىللەر، كومىتېت ئەزالىرى بىر-
لىكتە ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەر چوڭقۇر تەكشۈ-
رۈپ دەلىللىنىپ، قايتا - قايتا قاراپ چىقىپ تۈزى-
تىلىپ، ئەڭ ئاخىردا يىغىندا ئاۋاز بېرىشكە سۇنۇ-
لۇپ، مۇناسىپ قارارلار ماقۇللىنىشى لازىم. بى-
راق ئەمەلىيەت جەريانىدا بۇ قانۇنىي تەرتىپلەر
ئەستايىدىل يۈرگۈزۈلمەيۋاتىدۇ، يىغىندا قاراپ
چىقىپ، ئاۋاز بېرىشكە تېگىشلىك بەزى مۇھىم
ئىشلار چوڭقۇر قاراپ چىقىلمايۋاتىدۇ، ھەتتا ئاۋاز
بېرىشكە قويۇلمايۋاتىدۇ. بەزىلىرى گەرچە چوڭ
يىغىندا ئاۋاز بېرىشكە قويۇلسىمۇ پەقەت قول كۆ-
تۈرۈش شەكلى ئارقىلىقلا تەكلىپلەرنىڭ تېمىلىرى
ئاۋاز بېرىپ ماقۇللىنىپ، تەكلىپلەرنىڭ تەپسىلىي
مەزمۇنى، شۇنداقلا قېلىپلاشتۇرۇش، چەكلەش
ماددىلىرى قىسقارتىۋېتىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
خەلق قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان قارارلارنىڭ چوقۇم
ئىجرا قىلىش خاراكتېرى ۋە قانۇنىي مەجبۇرلاش
كۈچىگە تەسىر يېتىۋاتىدۇ.

**تۆتىنچىدىن، سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس.**
بەزى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائى-
مىي كومىتېتلىرى چىقارغان قارارلارنىڭ سانى
بىر قەدەر ئاز؛ بەزى قارارلار تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلىنغان ۋە قاراپ چىقىلغاندا يېتەرلىك دەلىللە-
مىگەن، مەشغۇلاتچانلىقى بىر قەدەر ناچار؛ بەزى
قارارلارنىڭ مەزمۇنىدا يوچۇق كۆپ، تېگىشلىك
مەزمۇن ئۆلچىمى ۋە قېلىپلىشىش، چەكلەش ماد-
دىلىرى كەمچىل، قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن،
ئىجرا قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىغا بول-
غان زۆرۈر تەكشۈرۈش ۋە نازارەتچىلىك كەمچىل.

خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇ-
قىنى توغرا يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈ-
چۈن، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇنلاردا نۇرغۇن
بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان، مەسىلەن، چوڭ -
چوڭ ئىشلارنى چوقۇم قانۇندا بەلگىلەنگەن سانىدىكى
ۋەكىل ۋە كومىتېت ئەزالىرى بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا
قويۇشى، ھەم يىغىندا قاراپ چىقىشتا سۇنۇشى
كېرەك، بۇلار «كۆپ سانلىقلار قارار قىلىش»
پرىنسىپىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ زۆرۈر تەرتىپى.

**قارار قىلىش ھوقۇقىنىڭ دائىرە ئۆلچە-
مىنى توغرا بېكىتىش كېرەك.** «يەرلىك تەش-
كىلىي قانۇن» دا يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ
قارار قىلىش ھوقۇقىغا دائىر پرىنسىپال بەلگىلىمە
چىقىرىلغان، دېمەك يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى
ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆز مەمۇرىي را-
يون دائىرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مائارىپ،
ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، خەلق ئىشلى-
رى، مىللەتلەر خىزمىتىدىكى چوڭ - چوڭ ئىش-
لارنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە قارار قىلىشقا ھوقۇق-
لۇق. جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى بۇ بەلگىلى-
مىلەرگە ئاساسەن، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئەمە-

لىيتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ شۇ دەرىجىلىك هاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش دائىرىسى ۋە ئۆلچىمىنى بېكىتىپ، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش هوقۇقىنى تەپسىلىيلەشتۈرۈپ، مىقدارلاشتۇرۇپ، كونكرېتلاشتۇرۇپ، ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا هاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ هوقۇق يۈرگۈزۈشىگە قولايلىق يارىتىشى لازىم.

**قارار قىلىش هوقۇقىنى ئىشلىتىدىغان چوڭ - چوڭ ئىشلارنى مۇۋاپىق تاللاش لازىم.** قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، خەلق قۇرۇلتايلىرى قارار قىلىش هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلاردا، تەكلىپ سۇنۇش هوقۇقىغا ئىگە ئورگانلار، ئورۇنلار ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن سانغا يەتكەن ۋەكىل، كومىتېت ئەزالىرى بىرلىكتە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى، هۆكۈمەت قاتارلىق تەكلىپ سۇنۇش هوقۇقىغا ئىگە ئورۇنلار خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا سۇنىدىغان تەكلىپلەرنى يىغىننىڭ قاراپ چىقىشىغا بىۋاستە تاپشۇرسا بولىدۇ. ۋەكىللەر، كومىتېت ئەزالىرى بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى يىغىن هەيئەت رىياسىتى ياكى دائىمىي كومىتېت مۇدىرلىرى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ، يىغىندا قاراپ چىقىشقا سۇنۇشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى قارار قىلىدۇ. مۇنداق قىلىپ ئېيتقاندا، ۋەكىللەر، كومىتېت ئەزالىرى بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى يىغىننىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشقا بولىدۇ، يىغىننىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنمىسىمۇ بولىدۇ. پەقەت قاراپ چىقىشقا سۇنۇلغانلىرىلا تەكلىپ بولالايدۇ. بۇ ۋەكىللەر، كومىتېت ئەزالىرىدىن تەكلىپلەرنى بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغاندا قانۇنلۇق، مۇھىم، مۇمكىنچىلىكى بولغان ۋە ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولغان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

**قارار قىلىش هوقۇقىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش لازىم.** قارار قىلىش هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئاساسىي تەرتىپى مۇنداق: بىرىنچىدىن، قارار قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ - چوڭ ئىشلارنى تەكلىپ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇش، مەيلى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش هوقۇقىغا ئىگە ئورگان، ئورۇن بولسۇن، ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن سانغا يەتكەن ۋەكىل، كومىتېت ئەزالىرى بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەر بولسۇن، ھەممىسىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىدىن كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىپ، تولۇق مۇھاكىمە قىلىپ دەلىللەش ئاساسىدا مەزمۇنى تولۇق، نىشانى ئېنىق، مۇۋاپىق ھەم يولغا قويۇشقا بولىدىغان، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك بولغان تەكلىپ لايىھىلىرىنى تۈزۈپ چىقىش لازىم. ئىككىنچىدىن، تەكلىپلەرنى يىغىنغا سۇنۇپ مۇزاكىرە قىلىپ قاراپ چىقىش ياكى قاراپ چىقماسلىقنى بېكىتىش هوقۇقىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدىكى ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى يىغىن ھەيئەت رىياسىتى يىغىنىنىڭ قارالمىلىرىغا كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىكنى مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىدۇ. يىغىن يېپىلغان مەزگىللەردىكى كومىتېت ئەزالىرىنىڭ تەكلىپلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا سۇنۇپ قاراپ چىقىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى يىغىنىدا قارار قىلىنىدۇ. يىغىن ھەيئەت رىياسىتى ۋە مۇدىرلار يىغىنى تەكلىپلەرنى يىغىنغا سۇنۇپ قاراپ چىقىش ياكى چىقماسلىق مەسىلىسىنى بېكىتىشتە چېتىلىدىغان مەسىلىلەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ هوقۇق دائىرىسىدىكى چوڭ - چوڭ ئىشلار دائىرىسىدە ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى مۇزاكىرە قىلغاندىن سىرت، يەنە ئوبيېكتىپ ئەمەلىي ئېھتىياجغا ۋە مۇمكىنچىلىك ئەھۋالىغا قاراپ، تەكلىپلەرنىڭ سانىنى مۇۋاپىق بېكىتىشى لازىم. ئۈچىنچىدىن، بېكىتىلگەن تەكلىپلەرنى يىغىننىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش لازىم، تەكلىپنىڭ مۇھىم نۇقتىسى «قاراپ چىقىش»، «قاراپ چىقىلمىسا» تەكلىپ دەپ قاراشقا بولمايدۇ، قاراپ چىقىش جەريان، قاراپ چىقىشنىڭ نەتىجىسى بولسا قارار قىلىش. قاراپ چىقىش جەريانىدا تولۇق پىكىر بايان قىلىش لازىم، بۇ دېموكراتىك تەدبىر كۆرۈشنىڭ زۆرۈر تەرتىپى. تولۇق مۇزاكىرە قىلىنمىغان، قاراپ چىقمىغان ۋە تۈزەتمىگەندە، كۆپ سانلىقنىڭ ئارزۇسىنى ھەقىقىي نامايان قىلغىلى بولمايدۇ. ئەڭ ئاخىرقىسى، يىغىندا ئاۋاز بېرىشكە سۇنۇش. تەكلىپلەرگە ئاۋاز بېرىلىپ بولسا، ئۇ يەنە تەكلىپ بولماستىن، بەلكى قانۇنىي تەرتىپ ئۇنىڭ كۆپ سانلىق ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ماقۇللانغان قارارغا ئايلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، ئۇ قانۇنىي كۈچكە ئىگە هۆججەت.

قارار قىلىش ھوقۇقىنىڭ قانۇنىي كۈچىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى چىقارغان ۋە ماقۇللىغان قارارلار ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلغان كۈندىن ئېتىبارەن قانۇنىي مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، شەرتسىز ئىجرا قىلىش كېرەك، دېمەك ئۇ قانۇنىي كۈچكە ئىگە. مەزكۇر مەمۇرىي رايون دائىرىسىدىكى ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخس ئۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلىشى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشى كېرەك. يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ماقۇللانغان قارارلارنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق. يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى قارار قىلىش ھوقۇقى بىلەن نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى بىرلەشتۈرۈپ، قارارلارنىڭ ئىجراسىنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈشى كېرەك.

گۈلجەمىلەم مۇھەممەت تەرجىمىسى

## سابىق ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش قۇرمان ئەلى ۋاپات بولدى



ئۆز خەۋىرىمىز: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، سابىق ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى يولداش قۇرمان ئەلى كېسەل بولۇپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى 75 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

يولداش قۇرمان ئەلى 1924 - يىلى 10 - ئايدا نامرات چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1945 - يىلى 4 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1950 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئىلى گېزىتىدە تەھرىر، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

يولداش قۇرمان ئەلى «3 ۋىلايەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ، تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئىنقىلاب ھەقىقەتلىرىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇ يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن خېلى جىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئاپتونومىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە مۇئەييەن تەسىر قوزغىغان.

يولداش قۇرمان ئەلى پۈتۈن كۈچىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. ئۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ۋە ئىدىيە جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىغان. ئۇ خىزمەتتە تىرىشچان، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا بولۇپ، يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

# پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى

◆ ليۇ جېڭ　چېڭ شياڭچىڭ ◆

1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئېچىلغان پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن بولدى. بۇ قېتىمقى يىغىن تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئىككى مۇھىم تەدبىرنى كەسكىنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى: بىرى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قارىتىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى يولغا قويۇش؛ ئىككىنچىسى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئاساسىي فاڭجېندا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئەمىن بولۇشىغا ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇ قېتىمقى يىغىن دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا ئېلىپ كىرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىدىكى يەنە بىر باھارنى كۈتۈۋالدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى بىر قاتار نەزەرىيىلىرى، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە تۈپ يېتەكچى ئىدىيە ئاساسىنى سېلىپ بەردى. 20 يىلدىن بۇيان، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەدەممۇقەدەم ئىلگىرى سۈرۈلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىدىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەت خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا نۇرغۇن زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ تەتقىقات ئېلىپ باردى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر يۈرۈش تەدبىر قوللاندى. بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

**بىرىنچى، سايلام تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى**

دۆلىتىمىزدە، خەلق مەملىكەتلىك ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، سايلام سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينىڭ ئاساسى، خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ ئاساسلىق شەكلى. خەلقنىڭ سايلام ھوقۇقىنى ئەركىن يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 1979 - يىل 7 - ئايدا 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ماقۇللانغان سايلام قانۇنى ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا، دۆلىتىمىزنىڭ سايلام تۈزۈمىگە قارىتا مۇھىم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى، ئاساسلىقى مۇنۇلار: (1) تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، تولۇق دېموكراتىك ھالدا نامزات كۆرسىتىش چارىسى يولغا قويۇلدى. سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەر بىرلىشىپ كۆرسەتكەن نامزات بىلەن سىياسىي پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلات ياكى ھەيئەت رىياسەت كۆرسەتكەن نامزات سايلىغۇچىلار ياكى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ پىكىرلىشىپ مۇزاكىرە قىلىشىغا، دېموكراتىك كېڭەشىشىگە سۇنۇلىدىغان، زۆرۈر تېپىلغاندا، تەييارلىق سايلام ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھەقىقىي نامزات بېكىتىلىدىغان بولدى. (2) نامزات سانى بىلەن سايلانغۇچىلارنىڭ سانى ئوخشاش بولۇپ قېلىشتەك تەڭ نامزاتلىق سايلام چارىسى نامزات سانى سايلانغۇچىلار ساندىن

كۆپ بولۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، پەرقلىق سان سايلىمى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. مۇنداق بولغاندا، سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەر نامزاتلارنى تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، كۆپ سانلىق سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەر رازى بولغۇدەك نامزاتلار سايلاپ چىقىلىدۇ ھەمدە كۆپ سانلىق سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەر نارازى بولىدىغان نامزاتلار سايلانمايدۇ. (3) خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى بىۋاسىتە سايلاش دائىرىسى ناھىيە دەرىجىلىككىچە كېڭەيدى. بىر ناھىيە دائىرىسىدە، ئامما ئۆز ناھىيىسىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىر قەدەر پىششىق بىلىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ، بىۋاسىتە سايلام ئېلىپ بارغاندا دېموكراتىك سايلامغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاممىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىشىغا ئاسان بولىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1982 -، 1986-، 1995 - يىلى سايلام قانۇنى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇنغا يەنە ئۈچ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە تولۇقلىدى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ تۈرلۈك زور ئىسلاھاتنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەندىن باشقا، بىۋاسىتە سايلامنىڭ تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇردى؛ يېزا ۋە شەھەرلەردىكى ھەر بىر ۋەكىل ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاھالىنىڭ نىسبىتىنى تۈزەتتى؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ سانىنى مۇۋاپىق ئازايتتى؛ شۇنداقلا ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇش تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈردى.

سايلام تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا كىشىنى ئۆزىگە ھەممىدىن بەك جەلپ قىلىدىغىنى پەرقلىق سان سايلىمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بولدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاشتا پەرقلىق سان سايلىمى ئۆتكۈزۈش چارىسى يولغا قويۇلۇپلا قالماستىن، 1979 - يىلدىن باشلاپ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا شۇ دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى سايلاشتىمۇ پەرقلىق سان سايلىمى ئۆتكۈزۈش چارىسى يولغا قويۇلدى ھەمدە يولغا قويۇلۇش جەريانىدا تەدرىجىي مۇكەممەللەشتى. پەرقلىق سان سايلىمىنىڭ دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش ئارقىلىق، نامزات كۆرسىتىش چارىسى، پەرق سانى نىسبىتى شۇنىڭدەك نامزاتلارنى تونۇشتۇرۇش شەكلى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى. بۇ ئىسلاھاتتا، ئەمەلىيەتتە سايلام جەريانىغا رىقابەت مېخانىزمى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كادىرلارغا بولغان نازارەتچىلىك كۈچەيتىلدى، كادىرلارغا ئاممىنىڭ نامزات كۆرسىتىشى ۋە سايلىشىدىن ئىبارەت بۇ ئەينەك ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى تونۇتۇلدى، خەلقنىڭ تەكشۈرۈشى قوبۇل قىلدۇرۇلدى، يۇقىرىغا ۋە خەلققە مەسئۇل بولۇش بىرلەشتۈرۈلۈپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى.

دۆلىتىمىز سايلام تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، بۇ خەلقنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولۇپ، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاكتىپلىقىنى كۈچەيتىدۇ. 20 يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىز ئالتە قېتىم ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك بىۋاسىتە سايلام ۋە تۆت قېتىم ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ۋاستىلىك سايلام ئۆتكۈزدى. بىۋاسىتە سايلامدا سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى %80 تىن ئاشتى، كۆپ ساندىكى جايلاردا %90 تىن ئاشتى؛ سايلىغۇچىلار بىرلىشىپ كۆرسەتكەن ۋەكىل نامزاتى بارلىق نامزات سانىنىڭ %87 نى ئىگىلەپ، ئىلگىرىكى «يۇقىرىدىكىلەر نامزات كۆرسىتىش، تۆۋەندىكىلەر قول كۆتۈرۈش» تەك دېموكراتىيە بولمىغان ئۇسۇل ئۆزگەرتىلىپ، كۆپ ساندىكى ۋەكىللەر رازى بولغۇدەك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلاپ چىقىلدى. ۋاستىلىك سايلامدا، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكى رەھبەرلىرى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرگە قارىتا بەلگىلەنگەن پەرق سانى نىسبىتى بويىچە دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈلدى، بەزى جايلارنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىرىمۇ پەرقلىق سان سايلىمى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق سايلاندى. 1995 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 12 ئۆلكىدە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، سەككىز ئۆلكىنىڭ باشلىقى، 15 ئۆلكىدە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە 11 ئۆلكىدە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى سايلاشتا پەرقلىق سان سايلىمى ئېلىپ بېرىلغان. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئارقىلىق، يېڭى بىر نۆۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرى تەشكىللىنىپ، خىزمەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كادىرلار-

نىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ئېڭى ئۆستۈرۈلدى.

**ئىككىنچى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى كېڭەيتىلىپ، ئۇنىڭ تەشكىلى كۈچەيتىلدى**

دۆلىتىمىزنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا بىر پالاتىلىق تۈزۈم يولغا قويۇلغان، ئۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيىتىنى بىر تۇتاش يۈرگۈزىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋەكىل سانى بىر قەدەر كۆپ، دائىم يىغىن ئېچىپ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش قولايسىز بولغاچقا، 1982 - يىلى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى ئازايتىش ئويلىشىلغانىدى. ئەمما، دۆلىتىمىزنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ، 50 نەچچە مىللەت، 2700 دىن ئارتۇق ناھىيە بار، ھەر قايسى قاتلام، ھەر قايسى مىللەت، ھەر قايسى جاي، ھەر قايسى تەرەپ، ھەر قايسى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا مۇۋاپىق ساندا ۋەكىلى بولغاچقا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى زور ھەجىمدە ئازايتىش لايىھىسىنى يولغا قويۇش ئىنتايىن تەس. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغاندا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى كېڭەيتىش ۋە ئۇنىڭ تەشكىلىنى كۈچەيتىش تەدبىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى كۈچەيتىش كېرەك. تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى ئاساسىي قانۇندا ئەسلىدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا تەۋە بىر قىسىم ھوقۇق ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ يۈرگۈزۈشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئاساسلىقى مۇنۇلار: (1) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان بىردىنبىر ئورگان بولۇشتەك قانۇن چىقىرىش تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى ئورتاق يۈرگۈزۈش بەلگىلەندى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە باشقا نېگىزلىك قانۇنلارنى تۈزىدۇ ۋە ئۆزگەرتىدۇ؛ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈشكە تېگىشلىك بولغان نېگىزلىك قانۇنلاردىن باشقا قانۇنلارنى تۈزۈش ۋە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشتىن سىرت، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزگەن قانۇنلارنى قىسمەن تولۇقلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزىدۇ. بۇنىڭدا ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن قانۇن چىقىرىش خىزمىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. (2) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئورتاق نازارەت قىلىش بەلگىلەندى. (3) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، پىلان ۋە خام چوتنى قىسمەن تەڭشەش لايىھىسىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدىغانلىقى بەلگىلەندى. (4) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، گوۋۇيۈەننىڭ ھەر قايسى مىنىستىرلىكلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى، ھەر قايسى كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرىنى قارار قىلىشقا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىر بولۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ئۇنىڭ تەشكىلى كۈچەيتىلدى. ئاساسلىق تەدبىرلەر مۇنداق بولدى: (1) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس كومىتېتلىرى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى، 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا مەخسۇس كومىتېتتىن ئالتىسى، 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا يەتتىسى، 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سەككىزى، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا توققۇزى تەسىس قىلىندى. مەخسۇس كومىتېتلار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئالاقىدار تەكلىپلەرنى مۇھاكىمە قىلىش، قاراپ چىقىش ۋە تۈزۈشكە مەسئۇل بولۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرىدۇ. (2) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى، باش كاتىپتىن تەركىب تاپقان كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۈندىلىك مۇھىم خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. (3) ئاساسىي قانۇندا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا، سوت ئورگانلىرىدا ۋە تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىسە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى خادىملار مەخ-

سۇس ۋەزىپىدە بولۇپ، بۇ مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنى نازارەت قىلىشقا، شۇنداقلا كومىتېت ئەزالىرىنىڭ مەخسۇسلىشىشىغا ۋە ياشلىشىشىغا پايدىلىق، دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى كېڭەيتىش، ئۇنىڭ تەشكىلىنى كۈچەيتىش، دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر. زور مىقداردىكى قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يۈكلەش، قانۇن چىقىرىش قەدىمىنى تېزلىتىش، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىز تۈزگەن قانۇنلارنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللانغان قانۇنلارمۇ ئالدى بىلەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، بەزىلىرى بىر قانچە قېتىم قاراپ چىقىلىپ، پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىغا سۇنۇلىدۇ. دائىمىي كومىتېت بىلەن مەخسۇس كومىتېت ئەزالىرىنى قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشقا ھەمدە مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇرىدۇ، بۇ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى يولغا قويۇشقا ئىنتايىن پايدىلىق.

**ئۈچىنچى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئۆلكە دەرىجىلىك ھەمدە ئۆلكە مەركىزى، چوڭراق شەھەرلەردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىغا مۇئەييەن قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بېرىلدى.**

ئىلگىرى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنماي، خەلق كومىتېتى ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ دائىمىي ئورگىنى ۋە ئىجرائىيە ئورگىنى بولۇشتەك قوش فۇنكسىيىنى يۈرگۈزەتتى. بۇ تۈزۈلمە دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ مەمۇرىي ئورگانىنى نازارەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىسىز بولۇپ، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنى نازارەت قىلىشى تېخىمۇ قىيىن ئىدى. بۇ يېتەرسىزلىككە قارىتا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1957 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىسلاھات لايىھىسىنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىشقا تەييارلىق كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاققىچە يولغا قويۇلمىدى. 1979 - يىل 7 - ئايدا 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارنى ۋە يېڭى يەرلىك تەشكىلىي قانۇننى ماقۇللاپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىشنى بەلگىلىدى. 1979 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئارقا - ئارقىدىن تەسىس قىلىندى. كۆپ يىللاردىن بۇيان يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، پائال ئىزدىنىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

1982 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، يېزا خەلق گۇڭشېسىدا مەمۇرىيەت بىلەن گۇڭشېنى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتە مەركەزدىن تارتىپ يېزا، بازارلارغىچە خەلق قۇرۇلتىيى تەسىس قىلىندى، بۇ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى بىر مۇھىم تەرەپ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا ئىسلاھاتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ ئاپتونومىيە تەشكىلاتى سۈپىتىدە ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلدى. بۇ يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تۈپ تەدبىرى بولۇپ، مۇھىم ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. 1995 - يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن

يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىدا رەئىس تەسىس قىلىش ھەمدە مۇئاۋىن رەئىستىن بىردىن ئىككىگىچە تەسىس قىلىش بەلگىلەندى. رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر قۇرۇلتاي يىغىنى يېپىق مەزگىلدە ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش، ۋەكىللەرنى پائالىيەتكە ئۇيۇشتۇرۇش، ئاممىنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. بۇ تەدبىر يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا، تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا يەنە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايونلۇق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا قانۇنچىلىق (سىياسىي قانۇن)، مالىيە ـ ئىقتىساد، مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت ـ سەھىيە قاتارلىق مەخسۇس كومىتېتلارنى تەسىس قىلىشقا بولىدۇ؛ ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋىلايەتلەردە خىزمەت كومىتېتى تەسىس قىلسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىلەر يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى، بۇ خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

بۇرۇن، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى مەركەزدە بولۇپ، يەرلىكتە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بولمايتتى. 1979 ـ يىل 7 ـ ئايدا تۈزۈلگەن يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا، ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغا مەلۇم دەرىجىدە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بېرىلىپ، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، سىياسەت، پەرمان، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا زىت بولۇپ قالماسلىق شەرتى بىلەن، يەرلىك نىزام تۈزسە بولىدۇ، ئۇنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋە گوۋۇيۈەنگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1982 ـ يىلى بۇ بەلگىلىمە ئاساسىي قانۇندا مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ھەمدە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۇرۇشلۇق شەھەرلەرنىڭ ۋە گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان چوڭراق شەھەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، مەمۇرىي نىزام ۋە ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزاملىرىغا زىت بولۇپ قالماسلىق شەرتى بىلەن يەرلىك نىزام تۈزۈپ، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويسا بولىدۇ، دەپ تېخىمۇ ئېنىق بەلگىلەندى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن چىقىرىش تۈزۈلمىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئىسلاھات بولۇپ، جايلارنىڭ ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈشىگە، تەشەببۇسكارلىقىنى، ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشىغا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشكە پايدىلىق. 20 يىلدىن بۇيان، جايلار تۈزگەن يەرلىك نىزاملار 6000 پارچىگە يەتتى.

**تۆتىنچى، خىزمەت تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئايلىنىش مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى**

خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى خىزمەت ھوقۇقىنى كوللېكتىپ يۈرگۈزىدۇ، مەسىلىنى كوللېكتىپ قارار قىلىدۇ. ئۇنىڭ خىزمىتى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە ھەر ئىككى ئايدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇ ئىككى يىغىننىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تەكلىپلەرنى قاراپ چىقىش ۋە قارار قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، مۇكەممەل بولغان يىغىن تۈزۈمى ۋە تەكلىپلەرنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش تەرتىپى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 1982 ـ يىلى تۈزۈلگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى، 1989 ـ يىلى تۈزۈلگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسى، 1987 ـ يىلى تۈزۈلگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش قائىدىسىدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش تەكلىپى بېرىش ۋە قاراپ چىقىش، پىكىر بايان قىلىش ۋە ئاۋازغا قويۇش قاتارلىقلار سىستېمىلىق قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ خىزمىتى قەدەممۇقەدەم تۈزۈملىشىش، تەرتىپلىشىش يولىغا ماڭدى.

بۇ يەردە قانۇن چىقىرىش تەرتىپىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئىلگىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇـ

رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن لايىھىسىنى قاراپ چە-
قىشتا قىلىپلاشقان قاراپ چىقىش تەرتىپى يوق ئىدى، قا-
نۇن لايىھىلىرى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ تەلىپى بويىچە شۇ
قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا قاراپ چىقىلغاندىن
كېيىن ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللىناتتى. ۋاقىت قىس بولغاچ-
قا كومىتېت ئەزالىرى قانۇن لايىھىسىنى ئەستايىدىل تەك-
شۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەيتتى - دە، ئىپادە بىلدۈ-
رۈشكە ئامالسىز قالاتتى، بۇ مەسىلە قايتا - قايتا يۈز
بېرىۋەرگەچكە، بىر تەرەپ قىلىشنى ئىنتايىن تەسكە چۈش-
كەندى. 1983 - يىل 3 - ئايدا 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى يولداش
پېڭ جېن كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنىدا بۇندىن كېيىن
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن
لايىھىلىرىنى قاراپ چىققاندا، تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئې-
لىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى: مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا سۇنۇلغان قانۇن
لايىھىلىرىنى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىن قارالمىسىغا
كىرگۈزۈش ياكى كىرگۈزمەسلىك كومىتېت باشلىقلىرى
يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، دائىمىي كومىتېت قارالمىغا
كىرگۈزۈشنى ماقۇللىغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن دائىمىي
كومىتېت يىغىنىدا قانۇن لايىھىسىنىڭ ئىزاھاتى ئاڭلاپ
ئۆتۈلىدۇ ھەمدە دەسلەپكى قەدەمدە قاراپ چىقىلىدۇ، ئاندىن
ئۇ قانۇن كومىتېتى ۋە ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ
قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلۇپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپى
ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە دائىمىي كومى-
تېت تەركىبىدىكىلەر قانۇن لايىھىسىنى ۋە ئالاقىدار ماتېرى-
ياللارنى ئېلىپ كېتىپ تەتقىق قىلىدۇ، كېيىنكى قېتىم-
لىق ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا
قانۇن لايىھىسى قايتا قاراپ چىقىلىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن
كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنىدا ماقۇللانغان بۇ قارار دائى-
مىي كومىتېتىنىڭ قانۇن لايىھىلىرىنى قاراپ چىقىش تەرتى-
پى سۈپىتىدە بېكىتىلدى، 1987 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش قائىدىسىگە كىر-
گۈزۈلدى. بۇ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن لايىھىلىرىنى
قاراپ چىقىش تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى مۇھىم
تەدبىر. قانۇن لايىھىلىرىنى ئىككى قېتىم قاراپ چىقىش
تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا قارىتا، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن
هالدا بەلگىلىمە چىقىرىپ، قانۇن لايىھىسىنى ئۈچ قېتىم
قاراپ چىقىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتې-
تىنىڭ قانۇن لايىھىلىرىنى قاراپ چىقىشىنىڭ رولىنى تېخى-
مۇ ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇردى. بۇنداق قاراپ چىقىش شە-
كىللەۋازلىق قىلغانلىق بولماستىن، ماھىيەتلىك ئەھمىيەتكە
ئىگە. نۇرغۇن قانۇن لايىھىلىرىگە قاراپ چىقىلغاندىن كې-
يىن مۇھىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈشى ۋە تولۇقلىنىشى ما-
قۇللانغان قانۇنلارنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. دۆلەت-
مىزنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ قانۇن چىقى-
رىش خىزمىتى تۈزۈمى، قانۇنلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى،
قانۇن لايىھىسىنىڭ قاراپ چىقىلىشىدىن تارتىپ، قانۇن
لايىھىسىنىڭ ئاۋازغا قويۇلۇشى ۋە قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنى-
شىغىچە، بىر قەدەر مۇكەممەل قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئۇ قا-
نۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك
قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

نازارەتچىلىك خىزمىتىمۇ بىر خىزمەت تۈزۈمىگە ئاي-
لاندى، ئۇ: خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش
تۈزۈمى، پىلان ۋە خام چوتنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش
تۈزۈمى، سوراش ۋە سۈرۈشتۈرمە قويۇش، ئالاھىدە مەسى-
لىلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تۈزۈمى
قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1993 - يىل 9 - ئايدا
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۈزگەن
قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش - نازارەت
قىلىش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىدە، دائىمىي كو-
مىتېتىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، قانۇنىنىڭ ئىجرا-
سىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىشنى
پىلانلىق ۋە نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇشى ھەمدە ئالاقىدار
ئورگانلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ۋاقتىدا ياخ-
شى ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشى توغرىسىدا كونكرېت
بەلگىلىمە چىقىرىلدى. بۇ قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى
نازارەت قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى نازارەتچىلىك خىزمى-
تىنى قانات يايدۇرۇشتا دادىل ئىزدىنىپ، ھۆكۈمەت ۋە
ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى باھالاش، خەلق قۇرۇلتى-
يى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى سايلىغان، ۋەزىپىگە تەيىن-
لىگەن كادىرلارنىڭ خىزمىتىدىن بەرگەن مەلۇماتىنى باھا-
لاش، مەمۇرىي، ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ قانۇن ئىجراسى

مەسئۇلىيەتنامىسى ۋە خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولارنى سۈرۈشتە قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش، ئايرىم دېلولارنى نازارەت قىلىش قاتارلىق بىر قاتار ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىپ، نازارەتچىلىكنىڭ سالمىقى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇنداق نازارەتچىلىك شەكلى ۋە ئۇسۇللىرى بەزى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تۈزگەن يەرلىك نىزاملاردا مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى.

**بەشىنچى، ۋەكىللەر قانۇنى تۈزۈلۈپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى**

ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملاردۇر. ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ھاياتىي كۈچى ھېسابلىنىدۇ. ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 1985 ـ يىلدىن باشلاپ ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇش چارىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، يىغىپ بىر تۇتاش كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەش بۆلۈنۈپ پات ـ پات كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئۆزگەرتىلدى، بۇ تەشكىللىك، توپلىشىپ كۆزدىن كەچۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ۋەكىللەرنىڭ ئەھۋاللارنى چوڭقۇر ئىگىلىشىگە، ئاممىنىڭ ساداسى ۋە تەلىپىنى ئىنكاس قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. 1987 ـ يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى ئىشلەپ تارقىتىپ، ۋەكىللەرنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىنى قەدەممۇقەدەم دائىملىق ئىشقا ئايلاندۇردى ۋە ئۇنى تۈزۈملەشتۈردى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر بىلەن ئالاقە باغلاشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكرى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر بىلەن، ۋەكىللەرنىڭ سايلىغۇچى ئورۇنلار ۋە ئامما بىلەن ئالاقىلىشىش شەكلى ۋە ئۇسۇلىغا قارىتا بىر قاتار كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردى. بۇ ھۆججەت 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 21 ـ يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنغاندىن ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن جايلارنىڭ پايدىلىنىپ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشىغا تارقىتىپ بېرىلىپ، دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر بىلەن، ۋەكىللەرنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە باغلىشىدا ئىنتايىن ياخشى رول ئوينىدى. 1992 ـ يىل 4 ـ ئايدا 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللەر قانۇنى ماقۇللىنىپ، ۋەكىللەرنىڭ خاراكتېرى، ئورنى، ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى، خىزمەت شەكلى، شۇنىڭدەك ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىقلارغا قارىتا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى، بولۇپمۇ بۇ قانۇندا ۋەكىللەرنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدىكى پائالىيىتى؛ شۇ دەرىجىلىك ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ھەمدە شۇ دەرىجىلىك ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلى بىلەن كۆرۈشۈش؛ ئاممىنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئاڭلاش ۋە ئىنكاس قىلىش قاتارلىقلار ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش بولۇپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى لازىملىقى مەخسۇس باب قىلىپ بەلگىلەندى. بۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئالتىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى**

ئىلگىرى پەقەت مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭلا ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى بار بولۇپ، خىزمەتچى خادىملىرى ئەڭ كۆپ بولغاندا 300 كىشىگە يەتكەنىدى، 1958 ـ يىلغا كەلگەندە ئازىيىپ 100 كىشىگە چۈشۈپ قالدى. يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنمىغاچقا ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىمۇ تەسىس قىلىنمىغانىدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەملىكەتلىك

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى. بولۇپمۇ قانۇن چىقىرىش خىزمەت ئاپپاراتى بىلەن تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئاپپاراتىنى كۈچەيتىپ، بىر تۈركۈم ئەمەلىي تەجرىبىسى ۋە كەسپىي بىلىمى مول ئىختىساسلىق خادىملارنى سەپلىدى. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، خىزمەت ئاپپاراتلىرى ۋە خىزمەت بەنزىلىرىنى قەدەممۇقەدەم تەسىس قىلدى، ھازىر پۈتۈن مەملىكەتتە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدا 70 مىڭدىن ئارتۇق خادىم خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ بىر مۇھىم كۈچ بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ داۋاملىشىشچانلىقىنى ساقلاشتا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشتە كەم بولسا بولمايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 20 يىلدا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىدا ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە 50 - يىللاردىكى بەزى ياخشى تەجرىبىلەر ۋە ئۇسۇللار قوبۇل قىلىنىپ ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپلا قالماستىن، يەنە مۇشۇ ئاساستا يېڭى، زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە ھەقىقەتەن پۇختا قەدەم تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ ئېنىق كۆرۈش كېرەككى، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تېخى دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس، بەزى كونكرېت تۈزۈم جەھەتتە يەنە يېتەرسىزلىكلەر بار. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن بەزى تۈزۈملەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا بۇنىڭدىن خېلىلا يىراق. ئەگەر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان نازارەتچىلىكى، ھۆكۈمەت، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەيدىغان بولسا، بەزى بەلگىلىمىلەر قۇرۇق رامكىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بەزى خىزمەت تۈزۈملىرىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشكە، خۇلاسىلەشكە، قەدەممۇقەدەم ئورنىتىشقا ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، يەنى ۋەكىللەرنىڭ سايلىغۇچىلار بىلەن قانداق ئالاقىلىشىشى، سايلىغۇچىلار ياكى سايلىغۇچى ئورۇنلارنىڭ نازارىتىنى قانداق قوبۇل قىلىشى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرىنى قانداق قىلغاندا كەسىپلەشتۈرگىلى، ياشلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىقلار. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يول يىراق، ۋەزىپە مۇشكۈل دېيىشكە بولىدۇ.

پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش فاڭجېنى ۋە نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا بەرگەن دوكلاتىدا: «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيىنىڭ خەلقنى رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى ئاساسىي ئىستراتېگىيە». «كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا ئېلىشىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە قوللاشتىن ئىبارەت، دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ بارلىق ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم.» دەپ كۆرسەتتى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە 15 - قۇرۇلتاينىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەلىپى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئاچقان يولنى بويلاپ، 15 - قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم.

(«خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى خەۋەرلىرى»
ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 24 - سانىدىن)

نۇرگۈل كېرەم تەرجىمىسى

# قانۇن بويىچە هوقۇققا چەك قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى هەققىدە

◆ رازىيە مۇھەممەت ◆

ئېلىمىز بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ دەسلەپكى قە-
دەمدە ئورنىتىلىشى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۈز-
لۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇشى، سوتسىيالىستىك دېموكرا-
تىك سىياسىينىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىر قەدەر
مۇكەممەللەشكەن هوقۇققا چەك قويۇش، نازارەت قىلىش
تۈزۈلمىسى ئورنىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئىككى
ياقلىمىلىق رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغان بولۇپ،
هەر خىل نازارەت سۇبيېكتىدا زۆرۈر مۇستەقىللىق ۋە نو-
پۇز كەمچىل بولۇش تۆپەيلىدىن تەڭ دەرىجىلىك ياكى يۇقى-
رى دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ هوقۇقىغا ئۈنۈملۈك چەك
قويالماسلىق، ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك خىزمەت جەريا-
نىدىكى نازارەتچىلىك ئاجىز، ئىشتىن كېيىنكى تەكشۈرۈش
كۆپ بولۇش، تەكرار نازارەت نىسبەتەن ئېغىر بولۇش،
هوقۇققا چەك قويۇش، نازارەت قىلىش قانۇن مىزانلىرى
مۇكەممەل بولماسلىق، نازارەت قىلىش ئورگانلىرىنىڭ هو-
قۇق مەسئۇلىيەتنامىسى ئېنىق بولماسلىق، بىر - بىرىگە
ئىتتىرىش، ئايرىم رەھبەرلەرنىڭ سۆزى، كۆرسەتمىسى قا-
نۇندىنمۇ يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولۇش، بىر قىسىم نازارەت-
چى خادىملارنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولغاچقا هەر قايسى جەھەت-
تىن كېلىدىغان «مۇناسىۋەت تورى» نىڭ، پۇل - بايلىقنىڭ
تەسىرىگە ئۇچراپ نازارەت قىلىش كۈچى ئاجىز بولۇش
هادىسىلىرى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، بۇ سوتسىيالىستىك
بازار ئىگىلىكىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەتنى قانۇن
بويىچە ئىدارە قىلىش ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. باش
شۇجى جياڭ زېمىن بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، پارتىيە
15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا «بىزنىڭ هوقۇقىمىز-
نى خەلق بەرگەن، كادىرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ
خىزمەتكارى. ئۇلار خەلقنىڭ ۋە قانۇننىڭ نازارىتىنى قوبۇل
قىلىشى شەرت. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، نازارەتچى-
لىككە دائىر قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، هوقۇقنى
قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنىڭ چەك قويۇش مېخانىزمىنى بەر-
پا قىلىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش كېرەك.» ① دەپ كۆرسەت-
تى، بۇ ئېلىمىزدە قانۇن بويىچە هوقۇققا چەك قويۇش
مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە ساغلاملاشتۇرۇپ، هوقۇقىدىن
قالايمىقان پايدىلىنىشتىن ساقلىنىش، چىرىكلىشىش هادى-
سىلىرىگە ئۈنۈملۈك قارشى تۇرۇشتا زور يېتەكچى ئەھمى-
يەتكە ئىگە.



هوقۇققا چەك قويۇش — هوقۇقنى باشقۇرۇش، هو-
قۇقنىڭ توغرا يۈرگۈزۈلۈشىنى نازارەت قىلىش، مەقسە-
تلىك هالدا هوقۇقنى مەلۇم چەكلىمىگە ئىگە قىلىش هەم
هوقۇقنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى ئىلمىي باشقۇرۇپ، هوقۇقنىڭ
يۆنىلىشىنى دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتى بىلەن بىردەكلىككە
ئىگە قىلىپ، هوقۇقنىڭ چىرىكلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-
نى كۆرسىتىدۇ. هوقۇق بىر خىل هۆكۈمرانلىق بولۇپ،
ئۇ هەر قايسى ئورگانلارنىڭ كۈچىنى تەكشەپ، ئىككى يۈز-
لىنىش بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ. هوقۇق بىلەن مەنپەئەتنى
قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش تەرەپكە قاراپ يۈزلەنگەندە،
جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ مۇ-

قىلىشنى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. ئەكسىچە ھوقۇق خەلق مەنپەئىتىگە خىلاپ تەرەپكە يۈزلەنگەندە، مۇقەررەر ھوقۇقنىڭ چىرىكلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىپ، دۆلەت ۋە خەلققە زىيان كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ھوقۇقنىڭ نورمال يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھوقۇقنى ئايرىش، ھوقۇققا چەك قويۇش سىياسىي تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشقا توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە مەيلى غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ياكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسۇن ھەممىسى ھوقۇقنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى كۆلەملەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ھوقۇققا چەك قويۇش ۋە نازارەت قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرمەكتە.

ئېلىمىز خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇندا دۆلەتنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ، خەلق ئاممىسى دۆلەتنىڭ خوجايىنىدۇر دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن دۆلىتىمىزدىكى بارلىق خەلق ئاممىسى دۆلەتنى باشقۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتنىشالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار ئۆز ھوقۇقىنى سايلام ئارقىلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا چەكلەش، نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ھوقۇقنى يۈرگۈزگۈچىلەر بىلەن ھوقۇقنى ئىگىلىگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا بىردەكلىكنى ساقلاش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. ھوقۇققا چەك قويۇش، نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**1. ھوقۇققا چەك قويۇش نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش بازار ئىگىلىكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.**

ئېلىمىزدە يولغا قويۇلغان بازار ئىگىلىكى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشىشى ئاستىدا بايلىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا قارىتا ئاساسلىق رول ئوينايدىغان بازار ئىگىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەركىن بازار ئىگىلىكىگىمۇ، ھازىرقى زامان غەرب بازار ئىگىلىكىگىمۇ ئوخشىمايدىغان، بازار ئارقىلىق بايلىق ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن دۆلەت ھوقۇقىنىڭ ئارىلىشىشى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا بازار بايلىق ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. قىممەت قانۇنىيىتى باھا مېخانىزمى ۋە رىقابەت مېخانىزمى ۋاستىسى ئارقىلىق ئاساسلىق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، شۇنداقلا دۆلەت دۆلەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىپ، بازار سۇبيېكتى ۋە ئۇنىڭ بازار ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، بازاردىكى ئالدى - ساتتىنىڭ ئادىل بولۇشى ۋە پۈتكۈل بازار تەرتىپىنى قوغدايدۇ. دۆلەت ھوقۇقىنىڭ ئارىلىشىشى ۋە تەڭشىشى ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا دۆلەت ھوقۇقىنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىپ ماكرولۇق تەڭشەشنى ئېلىپ بېرىش كۈچى ۋە كەڭلىكى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ھوقۇققا چەك قويۇش نازارەت قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن، ھوقۇق چېكىنى مۇۋاپىق ئايرىپ، ھوقۇق بايلىقىنى ئەلالاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بازار ئىگىلىكى بىلەن ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بازار ئىگىلىكى دۆلەت ھوقۇقىنى تەكىتلەيدۇ. بازار سۇبيېكتىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى تېخىمۇ تەكىتلەپ، بىر خىل ماس، دېموكراتىك ئىجتىمائىي سىياسىي تۈزۈلمە ۋە ھوقۇق يۈرۈشۈش مېخانىزمىنى يولغا قويۇپ، بازار سۇبيېكتىغا نىسبەتەن كۆپ ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىك باشقۇرۇش تەدبىرىنى بەلگىلەشتىن ئىبارەت ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پىلانلىق ئىگىلىك بولسا بىر تەرەپلىمە ھالدا بىر تۇتاشلاشتۇرۇش بىلەن ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى تەكىتلەپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش ۋە ھوقۇقنى ئايرىشقا سەل قارايدۇ، ھەتتا ئىنكار قىلىدۇ. بۇ بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى مۇقەررەر ھوقۇقنى ئايرىش ۋە ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ھەم دۆلەت ھوقۇقىنىڭ يۈرۈشۈشىگە چەك قويۇشنى تەكىتلەشتىن دېرەك بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بازار ئىگىلىكى دۆلەت ھوقۇقى بىلەن بازار سۇبيېكتىنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىنى چەكلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىككىسى قارىمۇقارشىلىق بىرلىك مۇناسىۋىتىگە ئىگە. بازار سۇبيېكتىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى دۆلەت ھوقۇقىنىڭ يۈرۈشۈشىدىن ئايرىلالمايدۇ. بازار سۇبيېكتى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش شەكلىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا ئارىلىشىشىغا تايىنىش ئارقىلىق، ھەر قايسى سۇبيېكت مەنپەئەتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە ھەر قايسى سۇبيېكتلارنىڭ مەنپەئىتى بىلەن جەمئىيەت، دۆلەت مەنپەئىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ. دۆلەت دۆلەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قانۇن تۇرغۇزۇش ۋاستىسى ئارقىلىق بازار سۇبيېكتىنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەدلىيە قانۇن ئىجرا قىلىش شەكلى ئارقىلىق بازار سۇبيېكتىنىڭ مەنپەئىتىنى زورلۇق بىلەن قوغداپ، بازار سۇبيېك-

تىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە بولغان زىيان ھەم ياخشى بولغان ھوقۇق يۈرۈشۈش ئىجتىمائىي مۇھىتىنى يارىتىدۇ، شۇنداقلا دۆلەت ھوقۇقىنىڭ يۈرۈشۈشى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ئۈنۈملۈك ھالدا ئىقتىسادىي ھوقۇق - مەنپەئەتكە كاپالەتلىك قىلىشنى تۈپ مەقسەت قىلغان. ھوقۇق ھەم ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغدايدۇ، ھەم ھوقۇق - مەنپەئەتنى دەپسەندە قىلىدۇ. ئۇنىڭ يۈرۈشۈش دائىرىسى ۋە شەكلى مۇۋاپىق چەكتىن ئېشىپ كەتكەندە، بازارنىڭ قىممەت قانۇنىيىتى ۋە رىقابەت قانۇنىيىتىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، بازار تەرتىپىنىڭ ئۈنۈملۈك ئايلىنىشىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، دۆلەت ھوقۇقى ۋە بازار سۇبيېكتىنىڭ ھوقۇق ئايلىنىش دائىرىسى ۋە چېكىنى ئېنىق بەلگىلەش زۆرۈر. دېڭ شياۋپىڭمۇ ھوقۇققا چەك قويۇشنى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم ھالقىسى قىلىپ ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، «سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى بىر - بىرىگە شەرت قىلىش، بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلمىسا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىمۇ ئاقتۇرغىلى بولمايدۇ» ② دەپ كۆرسىتىپ، ئىككىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا سىياسىي تۈزۈلمىنى بولۇپمۇ ھوقۇق تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ھوقۇقنى تۈۋەنگە بېرىش، ھوقۇقنى نازارەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكرار تەكىتلىگەن.

**2. ھوقۇققا چەك قويۇش نازارەت قىلىش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى.**

ھوقۇققا چەك قويۇش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى ۋە ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنىڭ بىرى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ھوقۇققا چەك قويۇشنىڭ تۈپ شەرتى. ھوقۇققا قانۇن بويىچە چەك قويۇش سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن قارىمۇقارشى، ئۇ ھەقىقىي دېموكراتىك سىياسىينى تەلەپ قىلىدۇ. دېموكراتىيە پرىنسىپى ۋە تەرتىپى بولمىسا، ھەقىقىي قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشمۇ بولمايدۇ، ئەڭ زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلمايدىغان دېموكراتىك ھوقۇقمۇ ئۇزۇل - كېسىل قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ھېسابلانمايدۇ. ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن دېموكراتىك ھوقۇقنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى بىۋاستە بولمايدۇ. خەلق ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ھوقۇقىنى دۆلەتكە ھاۋالە قىلىپ، ھوقۇقنى ۋاستىلىك يۈرگۈزىدۇ. بۇ خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھوقۇقنىڭ يۈرۈشۈشىگە چەك قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھوقۇق بىر خىل دۆلەت دائىرىسىدىكى ئەڭ ئالىي زورلۇق كۈچ. ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك بولغان ئىجتىمائىي كۈچ مەۋجۇت ئەمەس، ھوقۇقتىن ئىبارەت بۇ خىل كۈچنى چەكلىيەلەيدىغان كۈچ بولسا، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتۇر. چۈنكى قانۇن بىر خىل ئومۇمىي چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان زورلاش خاراكتېرىدىكى ئۆلچەم بولۇپ، ئۇ ھوقۇققا چەك قويۇشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك چەك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مۇكەممەللەشكەن قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، قانۇن بويىچە ھوقۇققا چەك قويۇش كېرەك. بۇ ھەقتە دېڭ شياۋپىڭ ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا «خەلق دېموكراتىيىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. دېموكراتىيىنى تۈزۈمگە، قانۇنغا ئايلاندۇرۇش كېرەككى، بۇ تۈزۈم ۋە قانۇنلار رەھبەرلەرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قارىشى ۋە دىققەت - ئېتىبارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان بولسۇن» ③ دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ھوقۇقنى قانۇننىڭ ئورنىغا قويۇشقا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە قانۇننى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش، قانۇن بويىچە ھوقۇققا چەك قويغاندىلا ئاندىن ھوقۇقنىڭ يۈرۈشۈشىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىغا كىرگۈزۈپ، خەلقنىڭ دېموكراتىك نازارەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

---

ئىزاھات:

① «دوكلات» تىن ئېلىندى.

② «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3 - توم، ئۇيغۇرچە 335 - بەت

③ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» (1975 - 1982) ئۇيغۇرچە نەشرى 233 - بەت

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىدىن)

# «باھا قانۇنى» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى توغرا چۈشىنىش ھەققىدە

◆ مۇختار تۇردى ◆

«باھا قانۇنى» نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى ئېلىمىز باھا قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم بىر خىزمەت بولۇپ، ئۇ ئېلىمىز باھا خىزمىتىنىڭ قېلىپلىشىش، تۈزۈملىشىش يولىغا قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. ئۇنىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى باھا ھەرىكىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇشتا، ئىستېمالچىلارنىڭ ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتا، باھانىڭ بايلىقلارنى مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا، بازاردىكى مال باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا «باھا قانۇنى» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن «باھا قانۇنى» نىڭ مەزمۇنىنى توغرا چۈشىنىش ئىنتايىن زۆرۈر.

«باھا قانۇنى» سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا تۈزۈلگەن بىر مۇھىم قانۇن بولۇپ، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلىشى ئاستىدا ئاساسلىقى باھانىڭ بازاردا شەكىللىنىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشنى، تىجارەتچىلەرنىڭ باھا ھەرىكىتىنى، ھۆكۈمەتنىڭ باھا بېكىتىش ھەرىكىتىنى، باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنى تەڭشەش - تىزگىنلەشتىكى ئۇسۇل، ۋاستىلەرنى، باھانى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە قانۇنىي مەسئۇلىيەت قاتارلىقلارنى قېلىپلاشتۇردى.

**1. «باھا قانۇنى» نىڭ مۇۋاپىق كېلىش دائىرىسىنى بېكىتتى.**

«باھا قانۇنى» جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدە كۆرۈلگەن باھا ھەرىكىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدىكى بارلىق پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلار باھا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان چاغدا مۇشۇ قانۇنغا ئاساسلىنىدۇ. ئىككىنچى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدە كۆرۈلگەن باھا ھەرىكەتلىرىگە قارىتا مەزكۇر قانۇن مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۈچىنچى، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى مەمۇرىي خاراكتېرلىك ھەق يىغىشتا مەزكۇر قانۇنغا ئاساسلىنىدۇ. مەمۇرىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش توغرىسىدا «باھا قانۇنى» «دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ ھەق يىغىش قانۇنغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىشى، ھەق ئېلىش تۈرلىرى قاتتىق كونترول قىلىنىشى، ھەق ئېلىش دائىرىسى ۋە ئۆلچىمى قاتتىق چەكلىنىشى كېرەك» دەپ بەلگىلىمە چىقاردى.

**2. يېڭى باھا مېخانىزمى ۋە باھا پرىنسىپى تۇرغۇزۇلدى.**

«باھا قانۇنى» سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان باھا مېخانىزمى ۋە باھا پرىنسىپىنى شەكىللەندۇردى.

1) باھا مېخانىزمى. مۇۋاپىق بولغان باھا شەكىللىنىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ئېلىمىز باھا ئىسلاھاتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى بولۇپ، باھا ئىسلاھاتى ئارقىلىق باھا شەكىللىنىش مېخانىزمىنىڭ يەڭگۈشلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا باھا شەكىللىنىش مېخانىزمى يەڭگۈشلەنمەيدىكەن ئۇ ھالدا پۈتكۈل ئىقتىسا-

نىڭ ئايلىنىش مېخانىزمىنىڭ يەڭگۈشلىنىشىمۇ بولمايدۇ. ئېلىمىز باھا شەكىللىنىش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش نىشانى — يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن مەمۇرىي خاراكتېرلىك باھا بېكىتىشنى ئاساس قىلىشنى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلىشى ئاستىدىكى باھانىڭ بازاردا شەكىللىنىشنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. باھانىڭ بازاردا شەكىللىنىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ① باھانى قارار قىلىش سۇبيېكتىنى يەڭگۈشلەش؛ ② باھا بېكىتىش ئۇسۇلىنى يەڭگۈشلەش؛ ③ باھا شەكىللىنىش يوللىرىنى يەڭگۈشلەش؛ ④ باھا شەكىللىنىش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش؛ ⑤ باھانى تەڭشەش - تىزگىنلەش شەكلىنى يەڭگۈشلەش.

2) باھا باشقۇرۇش پرىنسىپى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدا باھانىڭ بازار رىقابىتى جەريانىدا شەكىللىنىشى، تىجارەتچىلەرنىڭ باھا شەكىللىنىش جەريانىدىكى ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى، ھۆكۈمەتنىڭ تىجارەتچىلەرنىڭ باھا ھەرىكىتىنى قوللىشى ۋە تىجارەتچىلەر ئارا ئادىل، ئاشكارا، قانۇنلۇق باھا رىقابىتىنىڭ قانات يېيىشىغا تۈرتكە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەمما باھانىڭ بازاردا شەكىللىنىشىدە ئىستىخىيىلىك، قارىغۇلۇق قاتارلىق نۇقسانلار مەۋجۇت بولغانلىقى، سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسى تېخى مۇكەممەل بولمىغانلىقى، ئادىل، ئاشكارا، قانۇنلۇق بازار باھا رىقابەت تەرتىپى تېخى تۇرغۇزۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، باھادا قاقتى - سوقتى قىلىش، باھانى مونوپول قىلىۋېلىش قاتارلىق نورمال بولمىغان باھا ھەرىكەتلىرى يەنىلا ئېغىر ھالدا ساقلانماقتا. بۇ نۇقسانلارنى يېڭىش، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاش، ئىستېمالچىلار ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، ئادىل، قانۇنىي باھا رىقابەت مۇھىتىنى بەرپا قىلىش ۋە قوغداش ئۈچۈن ھۆكۈمەت بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا باھا باشقۇرۇش پرىنسىپىنى بەلگىلەش ۋە ئۇنى ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا قوللىنىش ئارقىلىق باھا ھەرىكىتىگە قارىتا تەڭشەش - تىزگىنلەش، باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى يولغا قويۇش تولىمۇ زۆرۈر.

**3. تىجارەتچىلەر باھا ھەرىكىتىنىڭ چەك - چېگرىسى بېكىتىلدى.**

تىجارەتچىلەر بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان باھانى بېكىتىش سۇبيېكتى بولۇپ، بازار باھا مېخانىزمىدا ئىنتايىن گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا «باھا قانۇنى» تىجارەتچىلەرنىڭ باھا پائالىيىتىدە بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق - مەنپەئىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا تىجارەتچىلەر بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان باھانى مۇستەقىل بېكىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچى باھا دائىرىسى ئىچىدە باھا بېكىتىدۇ. «باھا قانۇنى» تىجارەتچىلەرنىڭ باھا پائالىيىتى جەريانىدىكى قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن 11 - ماددىسىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «تىجارەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلغان قىلمىشلارنى پاش قىلىش، ئەيىبلەش ھوقۇقىغا ئىگە» دەپ بەلگىلەندى. «باھا قانۇنى» تىجارەتچىلەرگە باھا بېكىتىش ھوقۇقىنى بېرىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇلارنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنىمۇ بەلگىلىدى. تىجارەتچىلەر باھا قانۇنى قائىدە - نىزاملىرىغا رىئايە قىلىشى، قانۇنغا ئاساسەن ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچى باھاسى، ھۆكۈمەت بېكىتكەن باھا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باھاغا دائىر قارار، تەدبىرلىرىنى ئىجرا قىلىشى لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مۇتلەق كۆپ قىسىم تاۋار ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتىنىڭ باھاسى بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ. تىجارەتچىلەر قانۇنغا ئاساسەن باھانى مۇستەقىل بېكىتىدۇ. ئۇلار باھا بېكىتىشتە مۇئەييەن پرىنسىپقا رىئايە قىلىشى شەرت.

**4. ھۆكۈمەتنىڭ باھا بېكىتىشى قېلىپلاشتۇرۇلدى.**

1978 - يىلدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلغان 20 يىللىق باھا ئىسلاھاتى ئارقىلىق يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن ھۆكۈمەتنىڭ باھا بېكىتىش تۈزۈمى

زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىنىپ، مۇتلەق كۆپ قىسىم تاۋار ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى باھاسى بازار ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان، ئاز بىر قىسىم ئەمگەك مۇلازىمىتى ۋە تاۋارلار باھاسىغا قارىتا ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچى باھاسى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باھا بېكىتىشى يولغا قويۇلىدىغان بولدى. «باھا قانۇنى» ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچى باھاسى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باھا بېكىتىشىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە قارىتا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىپ: خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئاز بىر قىسىم تاۋار باھاسىغا قارىتا، بايلىق مەنبەسى يېتەرسىز بولغان تاۋار باھاسىغا قارىتا، تەبىئىي مونوپول قىلىنىپ، تىجارەت قىلىنىدىغان تاۋار باھاسىغا قارىتا، مۇھىم جامائەت ئىشلىرى ھەققىگە قارىتا زۆرۈر تېپىلغاندا ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچى باھاسى ياكى ھۆكۈمەت بېكىتىدىغان باھا يولغا قويۇلىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچى باھاسى بىلەن ھۆكۈمەت بېكىتىدىغان باھانىڭ باھا بېكىتىش دائىرىسى ۋە كونكرېت مۇۋاپىق كېلىش دائىرىسى مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ باھا بېكىتىش مۇندەرىجىسىنى ئاساس قىلىپ بېكىتىلىدۇ. باھا بېكىتىش مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈلمىگەنلىرى بىردەك بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ.

**5. ھۆكۈمەتنىڭ باھانى ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلىشى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.**

باھا ئىسلاھاتىنىڭ تېزلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، مۇتلەق كۆپ قىسىم تاۋار ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتىنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلىپ، بازار ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان بولدى. ھۆكۈمەتنىڭ باھا باشقۇرۇشىمۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىش بولدى. «باھا قانۇنى» باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنى تەڭشەش - تىزگىنلەش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىپ: «بازاردىكى مال باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش — دۆلەتنىڭ مۇھىم ماكرولۇق ئىقتىسادىي سىياسەت نىشانىدىن ئىبارەت. دۆلەت خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى ۋە جەمئىيەتنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئاساسەن بازاردىكى مال باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنى تەڭشەش - تىزگىنلەش نىشانىنى بەلگىلەپ، ئۇنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈپ، پۇل سىياسىتى، مالىيە سىياسىتى، مەبلەغ سېلىش سىياسىتى، ئىمپورت - ئېكسپورت سىياسىتى ۋە چارە - تەدبىرلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىش ئارقىلىق ئۇنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئىقتىسادىي ۋاستە، قانۇنىي ۋاستىنى ئاساس قىلىش، مەمۇرىي ۋاستىنى قوشۇمچە قىلىش ھۆكۈمەتنىڭ مال باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنى تەڭشەش - تىزگىنلىشىدىكى ئاساسىي ئۇسۇلى بولۇپ قالدى.

**6. نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش تۈزۈلمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.**

باھانى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىش تۈزۈلمىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش، باھانى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن جازا بېرىشنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن «باھا قانۇنى» : «ناھىيىدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باھانى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرى باھا ھەرىكىتىگە قارىتا تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىشنى يولغا قويىدۇ. مەزكۇر قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن باھا قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشلارغا قارىتا مەمۇرىي جازا يۈرگۈزىدۇ. » دەپ بەلگىلىدى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، باھا باشقۇرۇش ھوقۇقى، باھانى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ھوقۇقى ۋە مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىنى بىردەك باھانى ئاساسىي باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ يۈرگۈزۈشى باھا خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا ۋە ئاپپاراتلارنى مۇقىملاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، بۇندىن كېيىن بۇ جەھەتتە خىزمەتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىدىن)



# يېزىق ئىشلىتىشكە بولغان باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك

◆ خالىق ئاۋۇت ◆
◆ خاسىيەت ئەيسا ◆




تىل-يېزىق — مەدەنىيەتنىڭ توشۇغۇچىسى، شۇنداقلا مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى، تىل-يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش سەۋىيىسى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى. شۇڭا، تىل-يېزىق خىزمىتىدە باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تىل-يېزىقنىڭ قېلىپلىشىش، ئۆلچەملىشىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇش لازىم. بۇ خىزمەت مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. تىل-يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش بولسا مەدەنىيەت، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى بىر ئاساسىي قۇرۇلۇش بولۇپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەدەنىي تىل، قېلىپلاشقان يېزىق مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك سەۋىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم بەلگە. ئۆلچەملىك، قېلىپلاشقان تىل-يېزىقنى ئىشلىتىشنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان تىل-يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇشقا بولغان رولى ناھايىتى چوڭ.

نۆۋەتتە، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى، بازارلارنىڭ ئاۋاتلىشىشى، دۇكان-رەستىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، جەمئىيەتتىكى يېزىق ئىشلىتىش جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق بارغانسېرى گەۋدىلىك بولماقتا. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېزىق ئىشلىتىشتىكى قالايمىقانچىلىق، ئۆلچەمسىزلىك مەسىلىسى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلماقتا. ئىككى خىل يېزىقنىڭ قوللىنىلىشى جەھەتتىمۇ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ساقلانماقتا، دۇكان-رەستىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مەخسۇس ۋۇۋىسكا ئىشلەشنى كەسىپ قىلغان مۇلازىمەت ئورۇنلىرىمۇ كۆپەيمەكتە. شۇنىڭدەك، ۋۇۋىسكىدىكى سۆز، ئىبارىلەرنى ئۆزى بىلگەنچە تەرجىمە قىلىپ ۋە يېزىپ «ئوقەت» قىلىپ كېلىۋاتقان «پارتىزان تەرجىمان»، «خەتتات» لار قوشۇنى بارلىققا كېلىپ، جەمئىيەتتىكى يېزىق ئىشلىتىش جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىققا تېگىشلىك «ھەسسە» قوشماقتا. بۇ «پارتىزان تەرجىمان»، «خەتتات» لار قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمى يېتەرلىك تەرجىمە سەۋىيىسى ۋە ئىملا سەۋىيىسى ھازىرلىمىغاچقا، ئۇلار بىر نەچچە يۈەن پۇلنى دەپ تەرجىمە قىلغان ۋە يازغان ۋۇۋىسكىلار مەركىزىي شەھەرنىڭ ھۆسنىگە «داغ» چۈشۈرمەكتە. تىل-يېزىقىمىزنىڭ جەمئىيەتتىكى ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە.



يۇقىرىقى ھادىسىلەرنى تۈپتىن تۈزەش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك تىل - يېزىق خىزمىتى تارماقلىرى جەمئىيەتتىكى يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋاللىرىغا بولغان تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يېزىق ئىشلىتىشتىكى قالايمىقانچىلىقنى ھەقىقىي تۈزىتىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

1. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» ئاساسىدا، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى يېزىق ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش تەپسىلىي چارىسى» نى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تىل- يېزىق خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى يېزىق ئىشلىتىشنى باشقۇرۇشىدا تايىنىدىغان تەپسىلىي قائىدە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» بولسا يەرلىك نىزام. مەزكۇر نىزامنى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى زورايتىشتا، نىزام ئاساسىدا تۈزۈپ چىقىلغان تەپسىلىي باشقۇرۇش چارىلىرىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. بۇنداق تەپسىلىي چارىنىڭ مەيدانغا كېلىشى تىل - يېزىق خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ باشقۇرۇش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشتىمۇ تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.



2. ۋىۋىسكا ئىشلەش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۇكانلارنى قاتتىق باشقۇرۇش لازىم. بۇنداق دۇكانلارنى باشقۇرۇش سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭلا ئىشى بولۇپ قالماستىن، بەلكى تىل - يېزىق تارماقلىرىنىڭمۇ ئىشى. تىل - يېزىق تارماقلىرى بىلەن سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ماسلىشىپ، بۇنداق دۇكانلارنىڭ ۋىۋىسكىلار ئىشلەشتە ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرۈپ، ۋىۋىسكىلاردا ئىشلىتىلگەن سۆز - ئىبارىلەرنى ھېلىقىدەك «پارتىزان تەرجىمان»، «خەتتات» لارغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ ۋە يازدۇرۇپلا ۋىۋىسكا ئىشلىشىگە قەتئىي يول قويماسلىق، ئۇلاردىن ۋىۋىسكىلاردا ئىشلىتىلگەن سۆز - ئىبارىلەرنى چوقۇم تىل - يېزىق تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىش لازىم. بۇنداق قىلمىغاندا جەمئىيەتتىكى يېزىق ئىشلىتىش قالايمىقانچىلىقى داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدۇ.

نۆۋەتتە ھەر ساھە، ھەر كەسىپتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. جەمئىيەتتىكى يېزىق ئىشلىتىشنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈشمۇ مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ھەر دەرىجىلىك تىل - يېزىق تارماقلىرى كونكرېت خىزمەتلەردە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، بارلىققا كەلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ھەل قىلىپ، جەمئىيەتتىكى يېزىق ئىشلىتىش قالايمىقانچىلىقىنى ھەقىقىي تۈزەش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

يىغىپ ئېيتقاندا، جەمئىيەتتىكى يېزىق ئىشلىتىش قالايمىقانچىلىقىنى تۈزەشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى يېزىق ئىشلىتىشنىڭ قېلىپلىشىش، ئۆلچەملىشىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش دەۋرىمىزنىڭ تەلىپى.

# كەنت دەرىجىلىك كادىرلار قۇرۇلۇشىدا دىققەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا

◆ ئابدۇۋەلى مامۇت ◆

مىچۇەن شەھىرىنىڭ مەلۇم يېزىسىدىكى بىر كەنتتىكى چارۋىچىلار ئىنكاس قىلغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرگە شۇ كەنتكە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدۇق. ئەھۋال ئىنكاس قىلغان قىسمەن چارۋىچىلار بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇلارنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان ۋە بەكرەك قىزىققان بىر ئىش كەنت كادىرلار قۇرۇلۇشىدىكى مەسىلە بولدى. يەنى بۇ كەنتنىڭ بۇرۇنقى مۇدىرى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئورنىغا ياشراق بىر كىشى كەنت مۇدىرلىقىغا سايلانغان. بىراق ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلغان كەنت مۇدىرىغا قارىتا يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىنىڭ قارىشى مۇنداق ئىكەن: بۇرۇنقى كەنت مۇدىرىنىڭ يېتەرسىزلىك تەرەپلىرى كۆپ بولۇپ، داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەشكە مۇناسىپ كەلمەيدىكەن. بىراق، بىز كۆرۈشكەن چارۋىچىلارنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا، بۇ كەنت مۇدىرى ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئۇلار ئۈچۈن ھەقىقىي جان كۆيدۈرىدىغان كادىر بولۇپ، ئۇنىڭ نېمىشقا ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى «چۈشەنمىگەن». دېمەك، شۇ كەنت مۇدىرىنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇشقا بولىدىغانلىقى ياكى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ كىشىنى ئويغا سالماي قويمايدۇ.

ئاساسىي قاتلامدا دېموكراتىك كېڭىشىش، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ يېقىندىن تۈزىتىلگەن «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» يولغا قويۇلۇشقا باشلىغاندىن بۇيان، بۇ خىل كاپالەت قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىنىشقا يۈزلەندى.

قىسمەن جايلاردىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ھازىرقى دېھقانلار «باشقا ئىشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمىسىمۇ» بىراق ئۆزلىرى سايلىغان «كەنت رەھبەرلىرى» گە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىكەن. نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ قارىشىچە كەنت رەھبەرلىكىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى شۇ كەنت ئىشلىرىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىر ئىش بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىسا بولمايدىكەن.

كەنت دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان، سىياسەتچانلىقى ئىنتايىن قاتتىق، دېھقانلار ئىنتايىن قىزىقىدىغان بىر خىزمەت شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، دېھقانلارنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدىكى ئۈنۈملۈك شەكىل. ئۇ پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش، كەنت دەرىجىلىك بەنزە قۇرۇلمىسىنى كۈچەيتىش، كەنت دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۈچەيتىدىغان مۇھىم تەدبىر.

كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ كادىرلىرىنى سايلاش خىزمىتىدە تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىگە دىققەت قىلىش لازىم:

1. دۆلەتنىڭ «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نى ياخشى ئۆگىنىپ، ماددىمۇ-ماددا تولۇق چۈشىنىش لازىم. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى كەنت ئاھالىسى ئۆزىنى باشقۇرىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەيدىغان، ئۆزى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى تەشكىلات. بۇنىڭدا دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەتچىلىك يولغا قويۇلىدۇ. قانۇن بويىچە كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرى،

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئەزالىرىنى كەنت ئاھالىسى
بىۋاسىتە سايلايدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركى-
بىدىكىلەرنى ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ
بېكىتىپ بېرىشىگە، ھاۋالە بىلەن ئەۋەتىشىگە ياكى
قالدۇرۇۋېتىشىگە، ئالماشتۇرۇۋېتىشىگە بولماي-
دۇ؛ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق
ھۆكۈمىتى كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت-
لىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، قوللايدۇ ۋە ياردەم
بېرىدۇ. «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى تەشكىلىي
قانۇنى» نىڭ 3 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە،
«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېزىلاردىكى
ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى، جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى بويىچە ئىشلەي-
دۇ، رەھبەرلىك يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرى-
دۇ؛ كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە
قىلىشىنى، دېموكراتىيە ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈر-
گۈزۈشىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بويىچە قول-
لايدۇ ۋە كاپالەتلەندۈرىدۇ».
2. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى
ياخشى ئىشلەش لازىم. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى-
نىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ياكى قىسمەن
ئالماشتۇرۇش خىزمىتىدە بولسۇن، ئاممىا ئارىسىغا
چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكتىنى ئىگىلەش خىزمىتىنى
ياخشى ئىگىلىشى لازىم. ئوخشىمىغان شەكىللەر-
دىن پايدىلىنىپ شۇ كەنتتىكى پارتىيە ئەزالىرى،
كادىرلار ئاممىنى ئارىلاپ، كەنتنىڭ ئەھۋالىنى بو-
لۇپمۇ كادىرلار قۇرۇلمىسىنى تولۇق ئىگىلەپ،
كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلىمى جەريانىدا يۈز
بېرىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى تولۇق ئى-
گىلەپ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن كۆ-
ڭۈلدە سان بولۇشى لازىم.
3. مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزاملارنى تەشۋىق
قىلىش لازىم. «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ
تەشكىلىي قانۇنى» دا كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى-
نىڭ تەركىبىدىكىلەرنى سايلاش ھوقۇقى دېھقانلار-
غا بېرىلگەن. مەسىلەن: «قانۇن» نىڭ 14 - ماد-
دىسىدا: «كەنت ئاھالە كومىتېتىنى سايلاشتا، شۇ
كەنتتىكى سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان كەنت
ئاھالىسى نامزاتلارنى بىۋاسىتە كۆرسىتىدۇ» دەپ
بەلگىلەنگەن. شۇڭا دېھقانلارغا دېموكراتىك سايلام-
نىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئىزاھات بېرىپ، قا-
نۇن بويىچە سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان سايلىغۇ-
چىلارنىڭ قانداق ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرگە ئىگە

ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىشى لازىم. شۇ كەنتتىكى
كادىرلار، ئاممىنى ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنى
ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، سايلام چارىسىدىكى تەلەپ-
لەرنى چۈشەندۈرۈپ، بۇ جەھەتتە ساۋاتقا ئىگە قى-
لىشى لازىم. تەشۋىق - تەربىيە ئارقىلىق دېھقانلار-
نىڭ كەنت ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش
ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.
4. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى تەركىبىدىكى-
لەرنى تاللىغاندا ئاممىنىڭ ئىرادىسى، تاللىشىغا
ئەھمىيەت بېرىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش لازىم.
نامزات قىلىپ كۆرسىتىلگەنلەر قانۇندىكى بەلگىلى-
مىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى، ئاندىن ئاممىا ئۆزى تال-
لىغان، ھىمايە قىلغان بولۇشى لازىم. شۇنىڭ بى-
لەن بىرگە، خىزمەت ئىستىلى دۇرۇس، پاك -
دىيانەتلىك، مەلۇم قابىلىيەتكە ئىگە بولغان بولۇ-
شى، دېھقانلار ئۈچۈن ھەقىقىي جان كۆيدۈرۈپ
ئىشلەيدىغان بولۇشى لازىم.
5. نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، كەنت ئاھالە
كومىتېتلىرى تەركىبىدىكىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلى-
شى جەريانىدىكى سايلامنىڭ قانۇنلۇق بولغان -
بولمىغانلىقىغا نىسبەتەن نازارەتچىلىكنى كۈچەي-
تىش لازىم. سايلام جەريانىدا قانۇنغا خىلاپلىق
قىلىپ، دېھقانلارنىڭ سايلاش ھوقۇقى ۋە تاللىشىغا
ھۆرمەت قىلماي، يېزىدىكى مەلۇم بىر رەھبەرنىڭ
«يېتەكچى ئىدىيىسى» بويىچە نامزات كۆرسىتىپ،
بۇنى شۇ جايدىكى ئاممىا ھىمايە قىلمىسا، قوللىمى-
سا چوقۇم قانۇن بويىچە تۈزىتىش لازىم؛ سايلام
جەريانىدا قانۇنغا خىلاپ ئىشلار يۈز بەرسە بۇنى
قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم؛ سايلام
جەريانىدا كېلىپ چىققان قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى
قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، مەسئۇلى-
يىتى بار ئالاقىدار كىشىگە تەنقىد - تەربىيە بې-
رىش، قىلمىش ئېغىرلىرىغا، يامان تەسىر پەيدا
قىلغانلىرىغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىنتى-
زام جازاسى بېرىش ياكى قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى
سۈرۈشتۈرۈش لازىم. ئەگەر قانۇنسىز يوللار بى-
لەن كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىگە كىرىۋالغان-
لار بارلىقى بايقىلىپ قالسا قانۇن بويىچە ۋەزىپى-
سىدىن ئېلىپ تاشلاپ، قانۇننىڭ سۈرىنى قوغداش
لازىم.
(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خ ق
دائىمىي كومىتېتى يېزا ئىگىلىك
كومىتېتى ئىشخانىسىدىن)

# مۇۋەپپەقىيەتلىك سايلامنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟

◆ دىلمۇرات مۇھەممەد ◆

ھەممىگە مەلۇمكى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى جۇڭگونىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، خەلقنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش، دېموكراتىيىنى جارى قىلىش، قانۇنىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ كونكرېت شەكلى. يەنى، خەلق سايلاپ چىققان ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى داۋامىدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات، خ ق دائىمىي كومىتېتى، سوت ۋە تەپتىش خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتلارنى قاراپ چىقىپ، پىكىر ـ تەكلىپلەرنى بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى، شۇ دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى، ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنى ۋە سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى سايلايدۇ ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ۋەكىللەر سايلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە سايلامنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىنىڭ ئۆلچىمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېڭىدىن تۈزىتىلگەن يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ۋەكىللەر ئىمزا قويۇپ بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ، شۇ دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ، ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ، سوت مەھكىمىسى باشلىقىنىڭ، تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشىنىڭ نامزاتىنى كۆرسەتسە بولىدۇ. بىرىنچى قول باشلىقنى سايلاشتا، بىر نامزات ئارتۇق بېكىتىلسە، پەرقلىق سان سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈشى لازىم، بىرلا نامزات كۆرسىتىلگەن بولسا، تەڭ سان سايلىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇئاۋىنلارنى سايلاشتا ئومۇمەن پەرقلىق سان سايلىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ۋەكىللەر نامزاتقا قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرسىمۇ ياكى باشقىلارنى سايلىسىمۇ، ھوقۇقىدىن ۋاز كەچسىمۇ بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، پارتكوم كۆرسەتكەن نامزات قۇرۇلمىسىدا قىسمەن ئۆزگىرىش بولۇشى، پارتكوم كۆرسەتكەن ئايرىم نامزات سايلانماي قېلىشى مۇمكىن. كۆپ ھاللاردا، پارتكوم كۆرسەتكەن نامزاتلار ئاممىدىن ئەتراپلىق پىكىر ئېلىش ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن بولغاچقا، ۋەكىللەرنىڭ سايلاش نەتىجىسى ئاساسەن پارتكومنىڭ كۆرسەتكىنى بىلەن بىردەك بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق سايلامنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سايلام دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، سايلام ئەمەلىيىتىدە، سايلام نەتىجىسىنىڭ ھەممىسىلا پارتكومنىڭ كۆرسەتكىنى بىلەن بىردەك بولۇپ كېتەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. چۈنكى، سايلام ئەمەلىيىتىدە، ۋەكىللەر ئۆزلىرى تېخىمۇ مۇۋاپىق، دەپ قارىغانلارنى بىرلەشىپ ئىمزا قويۇپ نامزاتلىققا كۆرسەتمىدىغان ياكى سايلامدا بىۋاسىتە سايلاپ چىقىدىغان، پارتكوم كۆرسەتكەن نامزات قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىپ، بەزى نامزات سايلانماي قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بۇنداق سايلامنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىنى نېمە بىلەن ئۆلچەش كېرەك؟ ئۆلچەم بىرلا، ئۇ بولسىمۇ قانۇن. نامزات كۆرسىتىشتىن سايلام ئۆتكۈزۈلگەنگە قەدەر پۈتكۈل خىزمەت قاتتىق قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئىشلەنگەنلا بولسا، مەيلى پارتكوم كۆرسەتكەن نامزات تولۇق سايلانسۇن ياكى ۋەكىللەر كۆرسەتكەن نامزات سايلىنىپ، پارتكوم كۆرسەتكەن نامزات سايلانماي قالسۇن، ئوخشاشلا بۇنداق سايلامنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك سايلام بولدى، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداپ، سۈرىنى ئاشۇرغىلى، سايلىغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى جارى قىلدۇرغىلى ھەمدە سايلانغۇچىلارنىڭ خىزمەتنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن كەڭ ئاممىۋى ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

سايلام مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، دېگەندە قانۇننى ئۆلچەم قىلىش — دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى بەرپا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ماھىيىتى پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. چۈنكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، بارلىق قانۇنلار پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە تۈزۈلىدۇ ۋە پارتىيىنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، سايلامدا قانۇننى ئۆلچەم قىلىش پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇلار ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق بولغان، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغان ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە. شۇنىڭ ئۈچۈن، قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلغانلىكى سايلامنىڭ نەتىجىسى تولۇق ئېتىراپ قىلىنىشى، مۇۋەپپەقىيەتلىك مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى كېرەك.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى مالىيە- ئىقتىساد كومىتېتى قانۇنچىلىق باشقارمىسىدىن)

# قەلبىدە ئۆتنىڭ بۇ ئانا تۇپراق

## — ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى كۈرەش تۇرسۇننى زىيارەت

◆ ئۆز مۇخبىرىمىز جاڭ مىڭشيا ◆



دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولغان قاغىلىق ناھىيىسىدە، 1998 - يىلى پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، ئاشلىق، پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىپ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورتنى يارىتىپلا قالماي، بەلكى ناھىيە بويىچە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش ۋە مۇقىملىق خىزمىتىدىمۇ 1998 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ناھىيە بولۇپ باھالاندى. كىشىلەر، 1998 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسى «يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، جاپاغا چىداپ ئىشلەش، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، تۆھپە ۋە ئىگىلىك يارىتىش» تەك قاغىلىق روھىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇردى، دېيىشمەكتە. بۇ نەتىجىلەر ئاسان قولغا كەلگەن ئەمەس، بۇ نەتىجىلەرگە ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى كۈرەش تۇرسۇننىڭ قان - تەرى سىڭگەن.

### مەن قاغىلىق ناھىيىسىدىكى 360 مىڭ خەلقنىڭ ئوغلى

بىرەر نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ بولۇپمۇ قاغىلىقتەك مۇشۇنداق سۇ قىس، قۇرغاق، مەسىلە بىر قەدەر كۆپ جايدا ئاممىغا بەزى ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. كۈرەش ھاكىم دەل مۇشۇنداق قىلىشنى خالايدىغان ئادەم. ئۇ قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولۇپ سايلانغان كۈندىن باشلاپ، قاغىلىق ناھىيىسىدىكى 360 مىڭ ھەر مىللەت خەلقى ماڭا ئىشەندى ۋە ئۈمىد باغلىدى، ئۇلارنىڭ بەختى مېنىڭ بەختىم، ئۇلارنىڭ ئازابئوقۇبىتى مېنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىم دەيدىغان بىر ئېتىقادنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. كۈرەش ھاكىم مانا مۇشۇنداق ئېتىقاد بىلەن قاغىلىق ناھىيىسىدىكى 21 يېزا - بازاردا، بولۇپمۇ چەت، يىراق، ئارقىدا قالغان يېزا - بازاردا توختىماي ئىشلىدى. نۇرغۇن قېتىم ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۆيگىمۇ كىرەلمىدى؛ كۆپ قېتىم ئايالىنىڭ بالا ئاغرىپ قالدى دەپ بەرگەن تېلېفوننى ئېلىپمۇ كارى بولماي، يېزا - قىشلاقلاردا ئارىلاپ يۈردى.

باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇھىم سۆز قىلغاندىن كېيىن، كۇرەش ھاكىم ھەر بىر جايغا بارسا، تىل جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن دېھقانلارغا چۈشەندۈردى؛ شىنجاڭنى دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تاۋار ئاشلىق بازىسى، پاختا بازىسى، چارۋىچىلىق بازىسى، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ چوڭقۇر تەسىرى ۋە ئەۋلادلارغا بولىدىغان پايدىسىنى چۈشەندۈردى، دېھقانلارغا كۆز ئالدىدىكى كىچىككىنە مەنپەئەتنى كۆزلىمەسلىك، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ كەتمەسلىك ھەققىدە تەربىيە بەردى. كۇرەش ھاكىم دېھقانلارغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەشكە ماھىر بولۇپلا قالماي، ئىقتىسادنى، باشقۇرۇشنىمۇ بىلىدۇ، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا پىششىق. ئۇ نۇقتىغا چۈشكەن چۆنلاڭ يېزىسىنىڭ ئاساسىي شارائىتى بىر قەدەر ناچار ئىدى، مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ 1998 ـ يىلى بىراقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. كۇرەش ھاكىم ناھىيە مالىيىسى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ نامرات، چەت يېزا ـ بازارلارنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ مەبلەغ، دېھقانچىلىق دورىلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت، ترانسپورت قورالى قىس بولۇش قىيىنچىلىقىنى، نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىنى ھەل قىلىپ بەردى؛ ھەر مىللەت دېھقانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سۇ ماجىرالىرى، ئوتلاق ماجىرالىرى ۋە ئېتىز ـ ئېرىق ماجىرالىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

### مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇغىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز كېرەك

تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كۆپ يىللاردىن بۇيان، قاغىلىق ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئاساسلىق جەڭ مەيدانى ۋە ئالدىنقى فرونت بولۇپ كەلدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياۋ يۈگۈەنىڭ ئېيتقاندەك، «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى قەشقەرگە، قەشقەرنىڭ مۇقىملىقى قاغىلىققا باغلىق.» قاغىلىقنىڭ مۇقىملىقى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. مۇقىملىق ۋە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئىتتىپاقلىق بىلەن بۆلگۈنچىلىكتىن ئىبارەت مۇشۇنداق ھەق ـ ناھەق ئالدىدا، بىر ھەقىقىي كوممۇنىست سەلبىي تەرەپكە قىلچە يول قويمايدۇ. شۇڭا، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش يولىدىكى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدە كۇرەش ھاكىم ھەممىشە ئالدىدا ماڭدى. مەيلى ناھىيە بويىچە ئېچىلغان ياكى بەش دەرىجىلىك خىزمەت ئەترىتى بويىچە ئېچىلغان سەپەرۋەرلىك يىغىنى، باش قوشۇش يىغىنىدا بولسۇن، ياكى يېزا، كەنت تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرى، تەكرارلاش سىنىپلىرىدا بولسۇن، مەيلى 1 ـ، 2 ـ باسقۇچلۇق تەشۋىق ـ تەربىيە، قاتتىق زەربە بېرىشتە بولسۇن ياكى دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، ئاساسىي قاتلام تەشكىللىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش خىزمىتىدە بولسۇن، ھەممىلا يەردە كۇرەش ھاكىمنىڭ يېقىملىق چىرايىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ نۆۋەتتىكى مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى نەزەرىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ چوڭقۇر تەھلىل قىلالايدۇ، مىللىي بۆلگۈنچى باش جىنايەتچىلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ تايانچىلىرى ۋە تېررورچىلارنىڭ ياۋۇز نىيىتىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلالايدۇ ھەم كونكرېت خىزمەتچىلەرنىڭ قەدەممۇقەدەم يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىغا ئۆزى باشلامچى بولۇپ يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيدۇ.

قاغىلىق ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش مۇنازىرە پائالىيىتىدە، كۇرەش ھاكىم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تۇتۇش بىلەن بىرگە، ماشىنا بىلەن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈپ، 10 نەچچە يېزا ـ بازاردا دىنىي پائالىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلىدى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ناھىيە

لماك پارتكوم رەھبەرلىرى بىرلىكتە ۋاقتىدا ھەل قىلدى، نەتىجىدە، قاغىلىق ناھىيىسىدىكى 1000 غا يېقىن مەسچىت ۋە نەچچە مىڭ دىنىي زات 1998- يىلى دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە تەرتىپلىك قانات يايدۇردى، ھېچقانداق مالىمانچىلىق ۋە تىنچسىزلىق ۋەقەلىرى كۆرۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كۇرەش ھاكىم ھەر ۋاقىت ۋە ھەممىلا جايدا ھەر مىللەت دېھقانلىرىغا خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، دېگەن ئىككى ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى، دېھقانلارغا بېيىش، تەرەققىي قىلىش، ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم مۇقىم، ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇشى كېرەك، دېدى.

## نەتىجە ئالدىدا مەغرۇرلانماسلىق كېرەك

1998 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۇرەش ھاكىم نەتىجە ئالدىدا مەغرۇرلىنىشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ھازىر قاغىلىق ناھىيىسىدىكى كادىرلار ۋە ئامما تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى داۋاملىق پۇختا ئىشلىشى كېرەك: بىرىنچى، ئاشلىق، پاختا تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تەۋرەنمەي داۋاملىق چىڭ تۇتۇش؛ چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، بىر قولدا ئاشلىقنى، بىر قولدا پاختىنى تۇتۇش، باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ ئىككىنچى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىپ، تاۋار ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇپ، يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، 2 -، 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تويۇش- كىيىش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش؛ ئۈچىنچى، مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، دېگەن ئىدىيىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، مۇقىملىق خىزمىتىنى قەتئىي بوشاشماي ياخشى ئىشلەپ، «مۇقىملىقنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش» نىشانىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

كۇرەش ھاكىم مۇنداق دېدى: بىز ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى دېھقانلارنىڭ ئەڭ بىۋاسىتە ۋاكالەتچىسى، شۇڭا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، ئاممىنىڭ دەردى، ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، «يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، جاپاغا چىداپ ئىشلەش، ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، تۆھپە ۋە ئىگىلىك يارىتىش» تەك قاغىلىق روھىنى باشتىن ئاخىر جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، گۈللەنگەن، مۇقىم، باي ۋە مەدەنىي قاغىلىقنى 21 - ئەسىرگە ئېلىپ كىرىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك!

ئەمەت توختى تەرجىمىسى



# خەلق ئىشلىرىغا بېغىشلانغان چوغدەك قەلب

## — ئاپتونوم رايون بويىچە «خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» ئېلى سىدىق توغرىسىدا

◆ ئابدۇكېرىم ئۆمەر ◆

كىشىنىڭ تۆھپىسى ئۇنىڭ ئېرىشكەن ئەمەلى ۋە مەنسەپ مەرتىۋىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى خىزمەت ئورنىدا قىلچە ۋايىسماي جاپالىق ئىشلەپ، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى ياپچان بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ئىشلىرى كادىرى ئېلىجان سىدىق ئەنە شۇنداق ئاددىي خىزمەت ئورنىدا شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇۋاتقان نامسىز تۆھپىكارلارنىڭ بىرى.

ئېلىجان سىدىق 1963 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1984 - يىلىغىچە ياپچان بازىرى تەۋەسىدىكى قاراتاش، تېرەكبوستان ۋە بازار كەنتلىرىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىلىق خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا ھەر يىلى «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالىنىپ، يېزا ۋە ناھىيە تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن. ئۇنىڭ بىلىمى ۋە قابىلىيىتىگە ئاساسەن ياپچان بازارلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 1984 - يىلى ياپچان بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە، قوشۇمچە ھۆكۈمەتنىڭ يەرلىك مالىيە بوغالتىرلىقىغا بېكىتكەن. ئېلى سىدىق خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەپ، پاك - دىيانەتلىك ئىش بېجىرىپ تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىگە، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكتىن ياپچان بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پارتكوم ئۇنى 1991 - يىلى ياپچان بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىش بىلەن بىرگە، خەلق ئىشلىرى خىزمىتى ۋە پاراۋانلىق كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلغان. كېيىنچە مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكى خىزمىتى، ھەمكارلىق كاسسا خىزمىتى، ياشانغانلار خىزمىتى قاتارلىق كۆپ خىل مۇلازىمەت خىزمەتلىرىگە مەسئۇل قىلغان بولۇپ، ۋەزىپە ئېغىر، مۈشكۈل بولسىمۇ ئېلىجان سىدىق ھاردىم - تالدىم دېمەي، قىلچە زارلانماي، تەشكىلگە ئارتۇقچە تەلەپ قويماي، كۆپ خىل خىزمەتلەرنى بىر - بىرىگە زىچلاشتۇرۇپ قويماي، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىپ شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكتىن يۇقىرىقى ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن. 1992- يىلىدىن بۇيان ئىلغارلار قاتارىدىن چۈشۈپ قالغىنى، شەرەپ مۇنبىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنى يوق.

ئۇ 1992 - يىلى «ياشانغانلار خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالىنىپ، 1994 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1996 - يىلى يەنە «خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس»، «مېيىپلار خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە، مۇكاپاتلىنىشىغا ئېرىشتى.

1994 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە «ئىجتىمائىي سۇغۇرتا خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس»، «نىكاھ مۇلازىمىتىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالىنىپ يېزا، ناھىيە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك كەسپىي باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ئېلىجان سىدىق گەرچە يېشى 50 تىن ئاشقان بولسىمۇ، خەلق ئىشلىرىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزا-

سى. ئۇ ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، كۈننى تۈنگە ئۇلاپ، خەلق ئىشلىرى خىزمىتىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، ھاياتىنىڭ ھەر بىر دەقىقىسىنى خەلقنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلماقتا.

ياپچان بازىرى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر قەدەر چوڭ يېزا (بازار) لارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يېزىدا 22 مەمۇرىي كەنت، 111 مەھەللە، 35 ئىدارە - ئورگان، 22 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس بار، مەھەللىدىن مەھەللىگە قاتناش مۇساپىسى 360 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. خەلق ئىشلىرى خىزمىتى ئاممىۋىلىقى كۈچلۈك، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدىغان مۇلازىمەت كەسپى بولغانلىقتىن، ئېلىجان سىدىق بوران - چاپقۇن، قىش - ياز جاپادىن قورقماي مەھەللىلەرگە بېرىپ ئائىلىلەر بويىچە تەكشۈرۈپ، خەلق بىلەن سىردىشىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، نامرات ئائىلە، «بەشتە كاپالەتلەنگۈچى ئائىلە»، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلە، نەپىقە بېرىلىدىغان، نۇقتىلىق يۆلەيدىغان ئائىلىلەرنى ئېنىقلاپ بېكىتىپ پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلىپ، مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىپ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەلققە بولغان مېھرى - شەپقىتىنى يەتكۈزدى. ئېنىقلاپ بېكىتىلگەن 833 نامرات ئائىلە، 71 «بەشتە كاپالەتلەنگۈچى ئائىلە» ۋە بەش نەپىقە بېرىلىدىغان ئائىلىنى ئېنىقلاپ ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ نۇقتىلىق يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

ئېلىجان سىدىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك كەسپىي ئورۇنلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ھەربىي سەپتىن قايتقان 22 كىشىنى ھەر خىل مۇلازىمەت كەسپلىرىگە ئورۇنلاشتۇردى. 339 مېيىپنى ئېنىقلاپ ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ ھەر خىل رەسمىيەتلەرنى تېزدىن بېجىرىپ بېرىش بىلەن بىرگە، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلدى. 28 مېيىپنى ھەر خىل كەسپكە ئورۇنلاشتۇردى. 1996 - يىلدىن بۇيان ھەر خىل يوللار بىلەن مەبلەغ ھەل قىلىپ، مۇنەۋۋەر مېيىپ ئائىلىلەرگە پىششىق خىشلىق ئائىلىلىكلەر بىناسى سېلىپ بەردى.

ئېلىجان سىدىق ھەر خىل يوللار بىلەن مەبلەغ جۇغلاش ئارقىلىق 1993 - يىلى 15 ئېغىزلىق ئىككى قەۋەتلىك پاراۋانلىق كارخانا قۇرۇلۇشى قىلىپ داۋالاش، سۈرەتكە تارتىش، ساتىراچلىق، سەي-كۆكتات، چەرچىن مال سېتىش، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى سېتىش، نىكاھلانغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش، تېلېگراف ئالاقىلىشىش قاتارلىق كۆپ خىل مۇلازىمەت كەسپلىرىنى تەسىس قىلىپ، 32 مېيىپ، ئالتە يېتىم بالىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، پاراۋانلىق كارخانىسىنىڭ يىللىق قوشۇمچە كىرىمىنى 70 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، پاراۋانلىق كارخانىسىنى روناق تاپقۇزدى.

ئېلىجان سىدىق 1991 - يىلدىن بۇيان تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، خەلق ئاممىسىنى ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلغانىدى. 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 556 ئائىلىلىك دېھقان ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتنىشىشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ تاپشۇرغان پۇلى 112 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. 162 ئائىلىنىڭ ھەمكارلىق كاسسىغا قاتنىشىپ توپلىغان مەبلىغى 54 مىڭ 456 يۈەنگە يەتتى.

1991 - يىلدىن بۇيان 3855 ئائىلىنىڭ ئاشلىق ھەمكارلىق كاسسىغا قاتنىشىپ تاپشۇرغان ئاق ئاشلىقى 141 مىڭ كىلوگىرامغا يەتتى. ئېلىجان سىدىق ھەمكارلىق كاسسىنىڭ رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، سەككىز يىلدىن بۇيان 1600 ئائىلىگە 280 مىڭ كىلوگىرام ئاق ئاشلىق قەرز بەرگەن. جىددىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ھاياتى خەۋپتە قالغان يەتتە ئائىلىگە 1500 يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا يار - يۆلەك بولغان.

1997 - يىلى ھەر خىل يوللار بىلەن 674 مىڭ 195 يۈەن مەبلەغ جۇغلاپ، 40 ئائىلىگە پىششىق خىشلىق ئائىلىلىكلەر بىناسى سېلىپ بەرگەن. ئېلىجان سىدىق ئاممىنى ئىللىقلىق يەتكۈزۈشكە سەپەرۋەر قىلىپ، 1992 - يىلدىن بۇيان 60 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ قىيىنچىلىقى بار 1200 ئائىلىگە ياردەم بەردى. ئاپەت يۈز بەرگەن رايون خەلقىگە 600 يۈەن ياردەم بەردى. يىللاردىن بۇيان ئېلىجان سىدىقنىڭ نامراتلارغا بەرگەن شەخسىي پۇلى 2300 يۈەندىن ئاشىدۇ.

ئېلىجان سىدىق خىزمەت ئۈستىدە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، 1980 - يىلى بىر قېتىم، 1997 - يىلى ئىككى قېتىم چوڭ تېپتىكى ئوپېراتسىيە قىلىنغان بولسىمۇ ئوپېراتسىيىدىن چىقىپلا خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى. تەشكىل كۆپ قېتىم سالامەتلىكىگە دىققەت قىلىشنى، كۆپرەك ئارام ئېلىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، بارلىقىنى خەلق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان بۇ جاپاكەش كوممۇنىست كۆڭلىگە تېخىمۇ يۈكسەك پىلانلارنى پۈكۈپ خەلق بىلەن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئاددىي خىزمەت ئورنىدا تېخىمۇ زور شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، پارتىيە ۋە خەلققە تېخىمۇ زور خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بېرىش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلىمەكتە.

(ئاپتور يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن)

## توقفۇزتارا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمەتلەرىنىڭ تەرتىپلىنىشىش، تۈزۈملىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى

يېڭى يىل كىرىشى بىلەن، توقفۇزتارا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمەتلەرنى تەرتىپلەشتۈرۈش، تۈزۈملەشتۈرۈش يولىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ «مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىلى ۋە خىزمەت ئىستىلىنى كۈچەيتىشنى يولغا قويۇش پىكرى» گە ئاساسەن «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى ھەم ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىنىڭ خىزمەت ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىلگىرى ئىجرا قىلىنىپ كەلگەن تۈرلۈك خىزمەت تۈزۈملىرى ئاساسىدا 20 نەچچە تۈرلۈك «يىغىن خىزمىتى نىزامى» ، «ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» نى بېكىتتى ھەم مۇكەممەللەشتۈردى. دائىمىي كومىتېت ۋە مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ھوقۇق - مەسئۇلىيىتى ھەم خىزمەت تۈزۈمىنى تەرتىپلەشتۈرۈپ، دائىمىي كومىتېت مۇدىرىدىن ئىشچىلارغىچە ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خەت - چەك، يوقلىما، ئۆگىنىش، ئەرزىيەت، ماشىنا، تېلېفون، مالىيە باشقۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى بېكىتتى ھەمدە «تۈزۈم توپلىمى» قىلىپ بېسىپ چىقىپ، ئورگان خىزمىتىنىڭ تەرتىپلىنىشىش، تۈزۈملىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

لەن چىشاڭ، قۇربانجان

## باي ناھىيىسى قانۇن - نىزاملارنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مېيىپلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى باراۋەرلىك مۇقىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى

باي ناھىيىسىدە ئومۇمىي مېيىپ 3200 دىن ئارتۇق بولۇپ، 2560 نەپىرى يېزىلاردا، بۇ ئومۇمىي مېيىپ سانىنىڭ 80% نى ئىگىلەيدۇ، يېزىلاردا قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلەلەر ئىچىدە مېيىپلار ئائىلىسى 41% نى، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەر ئىچىدە مېيىپلار ئائىلىسى 45% نى، شەھەر - بازاردا ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى فوندى ئالىدىغان مېيىپلار 65% نى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىللىق ساپ كىرىمى 500 يۈەنگە يەتمەيدىغان نامرات ئائىلىلەرمۇ خېلى كۆپ، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مېيىلار خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى قاتلاممۇقاتلام كۈچەيتتى. تۈرلۈك تەشۋىقات قوراللىرى ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ، «مېيىپلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەندۈرۈش قانۇنى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنى ھەمدە ناھىيىنىڭ مېيىپلارغا ئېتىبار بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىنى تەشۋىق قىلدى، بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەت مىقياسىدا، مېيىپلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، خالىسانە ياردەم قىلىدىغان ياخشى كەيپىيات شەكىللەندى، ناھىيە بويىچە ئىككى قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئىئانە توپلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 316 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاندى ھەمدە بىر قىسمى يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغاندىن سىرت، قالغىنى مېيىپلار خىزمىتىگە ئىشلىتىلدى، ناھىيە بويىچە مېيىپلارنىڭ ئارخىپى تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇلارغا كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلدى، ناھىيىلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى يۇقىرىنىڭ قوللىشى ۋە ئۆزلىرى مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن، 17 مىڭ 550 يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىپ، 22 مېيىپنى يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇردى، 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، 50 مېيىپنى ناھىيە ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردا داۋالاتتى. كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىز مېيىپلارغا 12 دانە كۆزئەينەك ئېلىپ بەردى، 9880 يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، مېيىپلارغا ئالتە دانە مېيىپلار ۋېلسىپىتى، ئۈچ دانە تىڭشىغۇچ، ئالتە دانە گاز تۈك ۋە ئوچاق ئېلىپ بەردى، مېيىپلارغا يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدىلا 122 توننا كۆمۈر، 20 تونىدىن ئارتۇق خىمىيىۋى ئوغۇت، 2570 قۇر كىيىم - كېچەك، 2800 بولاق قەن - كېزەك، 340 تاختا چاي قاتارلىقلارنى ياردەم قىلدى، 5200 ئوقۇغۇچى 260 مېيىپلار ئائىلىسىگە دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ياردەم قىلدى، 25 مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 35 مېيىپلار ئائىلىسىگە 1025 كۋادرات مېتىرلىق خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي سېلىپ بەردى، مېيىپلار تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولدى.

ھەسەن ئابدۇۋەلى

## بايتوقاي يېزىسى 3 - بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىق - تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، يېزىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بايتوقاي يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۈلگىلىك رول ئويناپ، قانۇننى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ ۋە ئىشلىتىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت بىلەن بىرلىكتە ھەر يىلى بىر نۆۋەت قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش كۇرسى ئاچتى. ئۈچ يىلدىن بېرى ھەر قايسى كەنتلەرنىڭ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تايانچىلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسىدىن بەش قارار ئېچىپ 350 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىدى. يېزىدىكى ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىنىڭ 3 - بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ئۆگىنىشى كۈچەيتىلىپ، قانۇننى ئۆگىنىشكە قاتناشقان كىشىلەر 8200 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 3 - بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش كىتابىدىن پۈتۈن يېزا بويىچە 2100 دانە تارقىتىلدى. 1998 - يىلى 10 -، 11 - ئايلاردا يېزا بويىچە دۆلەت خىزمەتچىلىرىدىن ئىككى نۆۋەت مەخسۇس ئىمتىھان ئېلىنىپ قاتناشقان ئادەم 770 كە يەتتى. لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 95% تىن يۇقىرى بولدى. ئاندىن باشقا يەنە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىشى چىڭ تۇتۇلۇپ، ھەر يىلى بىر نۆۋەت مەخسۇس ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇ ئارقىلىق پۈتۈن جەمئىيەتتە قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇننى قوغداشتىن ئىبارەت ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈلۈپ، يېزىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

زاماندىن شاھى

## لوپ ناھىيىلىك پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچلۈك قوللىدى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، لوپ ناھىيىلىك پارتكوم مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنى قوللاش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە دائىر نىزام - بەلگىلىمىلەر بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى پارتكومنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى، پارتكومنىڭ شۇجىسى بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، دائىمىي كومىتېت مۇدىرى ۋە باشقا مۇدىرلاردىن پىكىر ئېلىپ، ئەھۋال ئۇقۇپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇردى، پارتكومنىڭ باشقا مۇئاۋىن شۇجى ۋە دائىمىي ھەيئەتلىرىمۇ پارتكومنىڭ قارار، يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزۈش، دائىمىي كومىتېتنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى يۇقىرىغا يوللاشتا ئوبدان رول ئوينىدى، پارتكوم يەنە خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشقا خىزمەتلىرى ۋە ئىشخانا بىناسىنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر نەچچە قېتىم مەخسۇس خەلق قۇرۇلتىيى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، مالىيىدە ئېغىر قىيىنچىلىق بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ھەل قىلىپ بېرىپ، خىزمەت بىناسىنى ئەسلىدىكى ئورنىدىن رەستىگە يۆتكەپ سېلىپ ئىشلىتىشكە ئۆتكۈزۈپ بەردى ھەمدە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ماسلىشىپ، بىر قىسىم كومىتېتلارنىڭ مۇدىر، خادىملىرىنى ئالماشتۇردى. قەرەللىك دوكلات ئاڭلاپ، يوليورۇق بەردى، ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر - تەكلىپلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈستىدە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

نۇرمۇھەممەت مەخمۇت

ئارزۇگۈل

## چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلىدى

چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن 1998 - يىللىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى خۇلاسىلەش يىغىنى ئېچىپ، دائىمىي كومىتېت ئورگىنى ۋە يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستىنىڭ خىزمىتىنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، ئۆتكەن بىر يىللىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئىلغار بولغان يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستىدىن ئىككىنى، ئىلغار بولۇپ باھالانغان يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرىدىن تۆتنى، ئىلغار ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىدىن 11 نى، مۇنەۋۋەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىدىن 19 نى، دائىمىي كومىتېت ئورگىنىدىن ئالتە ئىلغار خىزمەتچىنى مۇكاپاتلىدى.

مەتقۇربان ھوشۇر

# شۋېتسارىيىنىڭ بانكا مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش قانۇنىغا نەزەر

شۋېتسارىيە بانكىسىنىڭ مەخپىي ئامانەت كەسپىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى نۇرغۇن ئامانەت قويغۇچىلارنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ. 1934 - يىلى شۋېتسارىيەدە ئېلان قىلىنغان فېدېراتىپ بانكا قانۇنىدا، بانكا مەخپىيەتلىكى جىنايى ئىشلار قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، كەسىپ مۇناسىۋىتى بىلەن بانكا مەخپىيەتلىكىگە چېتىلىپ قالغۇچىلار مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلىشى لازىم، پۇل ئامانەت قويغۇچى جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلمىغانلا بولسا، ئۇنىڭ بانكا مەخپىيەتلىكىنى دۆلەت ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭمۇ سۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقى يوق، باشقىلارنى ئالداپ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغۇچىلارغا ئالتە ئايلىق تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ ياكى 50 مىڭ شۋېتسارىيە فرانكى جەرىمانە قويۇلىدۇ. بانكىنىڭ بارلىق خادىملىرى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كاپالەتنامىسى تاپشۇرىدۇ، ئىشتىن بوشىتىلغاندىن كېيىنمۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. كېيىن ھەر قايسى بانكىلار مەخپىيەتلىكنى تېخىمۇ قاتتىق ساقلاش ئۈچۈن، مەخپىي نومۇرلۇق ھېساب نومۇرى، يالغان ئىسىم ۋاكالەت نومۇرى قاتارلىق باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئومۇميۈزلۈك قوللانغان، يەنى ئامانەت قويغۇچى پەقەت تۈنجى قېتىم پۇل ئامانەت قويغاندىلا ھەقىقىي ئىسىم - فامىلىسىنى قوللىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ۋاكالەت نومۇرى قويۇلىدۇ، ئامانەت قويغۇچىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى بانكا دىرېكتورىلا بىلىدۇ. ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قاتتىق ساقلاش ئۈچۈن سىۋىرىخ بىلەن جەنۋەدە مەخپىي ئامانەت كەسپىنى مەخسۇس بېجىرىدىغان بانكىدىن 116 سى تەسىس قىلىنغان، بۇ ھەر قايسى چوڭ بانكىلاردا تەسىس قىلىنغان شەخسىي ئامانەت كۆزنەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بۇ بانكىلاردا سۈرەت تارتىشقا بولمايدۇ، ئىسىم - فامىلە ئېيتىپ بېرىلمەيدۇ، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا ۋىۋىسكىسىمۇ يوق بولۇپ، پەقەت تىجارەت قىلغۇچىنىڭ ئىسمىلا يېزىپ قويۇلىدۇ.

شۋېتسارىيىنىڭ بانكا قانۇنىدا ئامانەت قويغۇچىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قانۇن بويىچە ئىگىلەش شەرتىمۇ بەلگىلەنگەن. بانكا ئەدلىيە ئورگانلىرىنى جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان شۋېتسارىيىلىكلەرنىڭ پۇل ئامانەت مەخپىيەتلىكى بىلەن تەمىنلەيدۇ. چەت ئەللىك پۇل ئامانەت قويغۇچىلار، ئەگەر ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنىغا ھەم شۋېتسارىيە جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئامانەت مەخپىيەتلىكى ئىككى دۆلەتنىڭ ئەدلىيە ھەمكارلىقى ئارقىلىق ئاشكارىلىنىدۇ. ئەمما ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ جازا بېكىتىش ئۆلچىمى ئوخشاش بولمىغاچقا، بانكىدىن مەخپىيەتلىكنى بىلىش ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن قىيىن. شۋېتسارىيە بانكىسىنىڭ مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاش تۈزۈمى كۆپلىگەن ئامانەت قويغۇچىلارنى شۋېتسارىيە بانكىسىغا خاتىرجەم ھالدا ئامانەت قويۇشقا قىزىقتۇرىدۇ. لېكىن بەزى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرماسلىق، زەھەر ئەتكەسچىلىكى، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ئارقىلىق كەلگەن ھارام پۇللارنى يوشۇرىدىغان بىخەتەر ئىشكاپ قىلىۋالدى. نۇرغۇن دۆلەتنىڭ مۇستەبىتلىرى بۇ يەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يۆلەنچۈكى قىلىۋېلىپ، شۋېتسارىيە بانكىسىنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزدى. 1987 - يىلى شۋېتسارىيە بانكا مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىمزاسىز ھېساب ئاچمايدىغانلىقىنى ھەمدە مۇستەقىل بولغان بانكا نازارەتچىلىك كومىتېتى تەسىس قىلىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بانكىلارغا 1 مىليون شۋېتسارىيە فرانكى جەرىمانە قويىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

(«قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى سانىدىن)

نۇرگۈل كېرىم تەرجىمىسى

# ھەقىقەت ۋە قانۇنچىلىقتا بىر ئۆمۈر چىڭ تۇرغان پېڭ جېن

## 1. ئۇۋالچىلىققا ئۇچراش

پېڭ جېن جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخىدا ئاز ئۇچرايدىغان پېشقەدەم زات، ئۇ ھاياتىدا نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن، ئىككى قېتىم تۈرمىگە كىرگەن بولسىمۇ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئېگىلمەي - پۈكۈلمەي، يەنە ئامان قالغان. شۇنىڭدەك ئىككى قېتىم مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو بەنزىسىگە قاتنىشىپ سىياسىي ساھەدە كۆزگە كۆرۈنگەن. قانۇن ساھەسىدە بولسا تۇنجى ئاساسىي قانۇننى تۈزۈشكە قاتناشقان ھەم جىنايى ئىشلار قانۇنى قاتارلىق يەتتە چوڭ قانۇننى تۈزۈشكە تەشكىلاتچىلىق قىلغان. ئۇ يەنە لىن بياۋ، تۆت كىشىلىك گۇرۇھ دېلولىرىنى سوتلاشقا مەسئۇل بولغان.

20 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا تيەنجىن شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، شۇنجى پارتكومى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇۋەققەت شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان پېڭ جېن ج ك پ نىڭ شىمالىي جۇڭگو رايونىدىكى رەھبىرىي خادىمى بولۇش سۈپىتىدە ئاۋۇلار رايونىدىكى ئىنقىلابىي خىزمەتلەردە شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتقانىدى، ئەمما ساتقىنىنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى بىلەن، ئالتە يىل تۈرمىدە ياتتى. بۇ جەرياندا يەتكۈچە ئازاب چەككەننى ئاز دەپ، يەنە ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئەينى يىللاردا بۇ ساقايماس ئىنجىس كېسەل ھېسابلىناتتى، ئەمما ئۇ بىلىق مېيى كاپسۇلىغا تايىنىپ، كېسەلگە بوي بەرمەي ئامان قالدى. ئالتە يىلدىن كېيىن پېڭ جېن گۆر ئاغزىدىن قايتقاندەكلا يەنە ئىنقىلاب دولقۇنىغا ئاتلاندى. ئۇ بۇنداق قىسمەتنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يەنە بىر قېتىم تەكرارلىنىشىنى كۈتمىگەنىدى ...

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پېڭ جېن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەركىزىي سىياسىي - قانۇن گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى. شۇندىن كېيىن يەنە مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ سايلاندى. يولداش پېڭ جېن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ شۇجىچۇغا ئومۇمىي جەھەتتىن باشچىلىق قىلىشىغا ياردەملىشىپلا قالماي، يەنە قوشۇمچە بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ باشلىقى بولدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پېڭ جېننىڭ ماۋزېدۇڭ دەۋرىدىكى مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى بولۇپ، شانلىق سىياسىي تالانتىنى جۇلالاندۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

1965 - يىلى 9 - ئايدا ھەمىشە ماۋزېدۇڭنىڭ ئەتراپىدىلا يۈرىدىغان پېڭ جېن بىر ئىشقا دۇچ كەلدى. بىر كۈنى ماۋزېدۇڭ تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىن:

«سىلەرنىڭ بېيجىڭ شەھىرىدىكى ھېلىقى ۋۇخەننى پىپەن قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورىدى.

— «ۋۇخەننىڭ بەزى مەسىلىلىرىنى پىپەن قىلسا بولىدۇ ...»

پېڭ جېن ھە دېگەندىلا شۇنداق جاۋاب بەردى، ئۇ رەئىسنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە ئاللىقانداق چوڭقۇر يوشۇرۇن مەنىلەر بارلىقىغا دىققەت قىلمىغانىدى.

ۋۇخەن مەشھۇر ئالىم ھەم بېيجىڭ شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىلگىرى «خەيرۇينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى» دېگەن ئەسەرنى يازغان ھەم شۇ ئىش بىلەن ئۆزىنى ئەينى چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە چېتىۋالغانىدى. بۇ ئىشنى تېخىمۇ يىراقتىن سۈرۈشتۈرگەندە، «خەيرۇي» پېڭ دېخۇەي بىلەنمۇ چېتىشلىق بولۇپ قالغانىدى. 1959 - يىلى سابىق دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى پېڭ دېخۇەي لۇشەن يىغىنىدا پارتىيە ئىچىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق ماۋزېدۇڭ بىلەن ئارازلىشىپ قالغانىدى، شۇنىڭ بىلەن مەركىزىي كومىتېت «پېڭ دېخۇەي باشچىلىقىدىكى پارتىيىگە قارشى گۇرۇھ

توغرىسىدىكى قارار» نى چىقارغانىدى. بۇ تارىختىكى بىر قېتىملىق پارتىيە ئىچىدىكى «كۈرەش» بولۇپ، ھېچكىممۇ ئۇنى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەلدار خەيرۇي بىلەن باغلىيالمايدىغاندەك قىلاتتى. ئەمما شەيئىلەر ھەمىشە ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن بولسىمۇ ئىلىنىشىپ قالاتتى.

دەسلەپتە كاڭ شېڭ ماۋزېدۇڭغا گەپ كىرگۈزۈپ «لى جيەنتۇڭ يازغان رومان ‹ليۇجىدەن› دە گاۋگاڭ ئۈستىدىن دېلو ئاغدۇرۇلغان، روماندىن پايدىلىنىپ پارتىيىگە قارشى تۇرۇش بىر كەشپىيات بولۇپ قالدى» دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ماۋزېدۇڭ تەستىق سېلىپ، بۇرژۇئا نوپۇزلۇقلىرىنىڭ «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ماتېرىياللىرى» نى پۈتۈن پارتىيىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارغىچە تارقىتىشنى بۇيرىدى. جياڭ چىڭ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋۇخەن يازغان «خەيرۇينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى» دېگەن ئەسەر بىلەن بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مەدەنىي مائارىپقا مەسئۇل شۇجىسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى دېڭ تو يازغان «قارلىغاچ تاغدىكى كېچە پاراڭلىرى» دېگەن كىتابنى تۇتۇۋېلىپ ئوت ئاچماقچى بولدى.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەخپىي ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. جياڭ چىڭ ئۆزىنىڭ شاڭخەيدىكى چۆپقەتلىرىدىن بولغان جاڭ چۈنچياۋ، ياۋۋېنيۈەنلەردىن پايدىلىنىپ 7 ـ 8 ئاي مەخپىي پىلانلىغاندىن كېيىن «يېڭى تارىخىي تىياتىر ‹خەيرۇينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى› غا باھا» دېگەن ماقالىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، 1965 ـ يىلى «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىدە ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بىر ئىلمىي مەسىلە سىياسىي كۈرەش سەھنىسىگە تارتىپ چىقىرىلدى. ياۋۋېنيۈەنلەرنىڭ بۇ ماقالىسى ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا ماۋزېدۇڭ ئۇنى جايلاردىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا كۆچۈرۈپ ئېلان قىلىش توغرۇلۇق تەستىق سالدى.

پېڭ جېن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئاممىدىن كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىش ئارقىلىق، ئۆز كۆز قارىشىنى قىلچە يوشۇرماستىن «خەيرۇينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى» دېگەن تىياتىرنى مەن بۇرۇنمۇ كۆرگەن، ئۇنىڭ زەھەرلىك تەسىرى ئۇنچە چوڭ ئەمەس دېدى.

پېڭ جېن ئەنە شۇنداق راستچىل ئادەم ئىدى. ھەر قانداق چاغدا ماركسىزملىق ماتېرىيالىزملىق قاراش بويىچە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇ ھەمىشە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش بىزنىڭ چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىدىيىۋى لۇشيەنىمىز دەيتتى. ئۇ ئوبيېكتىپ پاكىتقا ئۇيغۇن بولمىغان ئىشلارنى ئەزەلدىن كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى. ئۇ «ياۋۋېنيۈەننىڭ ماقالىسىنىڭ خاتا جايلىرىنىمۇ پېپەن قىلىش كېرەك» دېگەنىدى. پېڭ جېن ياۋۋېنيۈەننىڭ ماقالىسىنى بېيجىڭ شەھىرىدە كۆچۈرۈپ بېسىشنى رەت قىلدى. تاۋجۇ قوشۇمچە باشقۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا جەنۇب رايونىمۇ بۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى. ئىككى ھەپتىگىچە بېيجىڭدىن ئىنكاس بولمىغاندىن كېيىن، ماۋزېدۇڭ «كىتابچە چىقىرىڭلار! » دەپ يولىيورۇق بەردى. مانا بۇ جياڭ چىڭ «خەلق ئۈچۈن يېڭى خىزمەت كۆرسىتەيلى» دېگەن ماقالىسىدە چىشلەپ تارتقان «بېيجىڭدىكىلەر 19 كۈنگىچە باسمىدى، كېيىن رەئىس خاپا بولۇپ كىتابچە چىقىرىڭلار دېدى» دېگەن ۋەقە ئىدى. ماۋزېدۇڭ خاپا بولۇپ قالغاندىن كېيىن، كاڭ شېڭ، جياڭ چىڭلار ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى.

ياۋۋېنيۈەننىڭ ماقالىسى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دېڭ تو تەخەللۇس بىلەن يازغان «بەس مۇنازىرە» دېگەن ماقالە ئېلان قىلىنىپ، بىر مەيدان مۇنازىرە باشلاندى.

شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ماۋزېدۇڭ خاڭجۇدا چېن بودا بىلەن سۆزلىشىپ: «خەيرۇينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى» نىڭ ئەجەللىك يېرى ‹مەنسەپتىن قالدۇرغانلىقى› دا. مىڭ سۇلالىسىنىڭ جياجىڭ خانى خەيرۇينى مەنسەپتىن قالدۇردى. مەن 1959 ـ يىلى پېڭ دېخۇەينى مەنسەپتىن قالدۇردۇم، پېڭ دېخۇەيمۇ ‹خەيرۇي› » دېدى. ئىككىنچى كۈنى ماۋزېدۇڭ يۇقىرىقى گەپلەرنى كاڭ شېڭ، پېڭ جېنلارغا دېدى. پېڭ جېن: «بىز تەكشۈردۇق، ۋۇخەننىڭ پېڭ دېخۇەي بىلەن ھېچقانداق تەشكىلىي مۇناسىۋىتى يوقكەن» دېدى.

پېڭ جېننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغانلىقى ئۇنىڭ ھەقىقەتتە ئىزچىل چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ مۇقەررەر ئىنكاسى ئىدى. شۇ بىر جۈملە سۆزنى قىلغاندىن كېيىن، پېڭ جېن بىر كېچە كىرپىك قاقمىدى، ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى خىيال قىلىپ چىقتى ... 1937 ـ يىلى ئۇ يەنئەندە بىرىنچى قېتىم ماۋزېدۇڭ بىلەن كۆرۈشكەنىدى. ماۋزېدۇڭ پېڭ جېننىڭ ئاقلار رايونىدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى؛ شۇندىن كېيىن ئۇ خېبېي، سەنشى، چاخار چېگرا رايونىدا پارتىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولغىنىدا، ماۋزېدۇڭ بۇ رايوننى «ئۈلگىلىك رايون» دەپ ماختىدى؛ يەنئەندىكى پارتىيە مەكتىپىدە ماۋزېدۇڭ قوشۇمچە مەكتەپ مۇدىرى بولغاندا پېڭ جېن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى؛ ماۋزېدۇڭ چۇڭچىڭ سۆھبىتىگە بارغاندا پېڭ جېنغا مۇھىم ۋەزىپە يۈكلەپ، ئۇنى مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ كاندىدات شۇجىلىقىغا كۆرسەتتى ھەم ئۇنىڭغا مۇستەقىل ھالدا شەرقىي شىمالغا بېرىپ ئىشلەپ، ج ك پ شەرقىي شىمال بيۇروسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى بولۇشنى تاپشۇردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پېڭ جېن يەنە ماۋزېدۇڭنىڭ يېنىدىكى بىر نەچچە مۇھىم ياردەمچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى ... رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئۇنىڭغا زور ئۈمىد باغلىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ رەئىسنىڭ سۆزىگە گەپ ياندۇرسۇنمۇ ياكى بىر سۆزلىشىپ باقسۇنمۇ؟ پېڭ جېن تۈن بويى ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماي چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئاخىرى رەئىس بىلەن كۆرۈشۈپ باقماقچى بولدى. ماۋزېدۇڭ بىلەن پېڭ جېننىڭ شۇ

قېتىمقى سۆھبىتىنىڭ ئىچىنى مەزمۇنى بۈ-
گۈنگە قەدەر تېخى ھېچكىمگە ئايان ئەمەس.
ئەمما پېڭ جېنىنىڭ كېيىن كىشىلەرگە ئېيت-
تىشىچە، رەئىس ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان.
ئەمما شۇ قېتىمقى سۆھبەت تۈگىگەندە ئۇ
رەئىسنىڭ ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇزىتىپ چىق-
قان روھىي قىياپىتىدىن بىر خىل سىياسىي
بوھراننىڭ ئالامەتلىرىنى سەزگەندەك بولغا-
نىدى. ئەسلىدە پېڭ جېن بۇنى ئىلىم مەسى-
لىسى دەپ قاراپ، ئىلمىي ساھەدىكى بەس ـ
مۇنازىرە بىلەنلا بولدى قىلماقچى بولغان.
ئەمەلىيەتتە ئۇ زىددىيەتنىڭ ماۋزېدۇڭنىڭ
مۇشۇنى ئۇتتا قىلىپ خاتا ھالدا سىياسىي
ھەرىكەت قوزغىماقچى بولغانلىقىغا ھەمدە
كاڭ شېڭ ۋە جياڭ چىڭ باشچىلىقىدىكى
«شائخەي گۇرۇھى» نىڭ سۇيىقەستلىك ھە-
رىكەتلىرىگە باغلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەز-
دى.

پېڭ جېن ماۋزېدۇڭ بىلەن ئېيتىشىپ
قالغاندىن كېيىن، شۇنىڭلىق بىلەن 180
گرادۇس بۇرۇلۇش ياسىمىدى. گەرچە شۇن-
داق قىلىش ئاشۇ يىللاردا ناھايىتى نورمال
ھادىسە ھېسابلانسىمۇ، پېڭ جېن ئۇنداق كى-
شىلەردىن ئەمەسىدى.

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو-
سىدا 1964 ـ يىلى قۇرۇلغان مەركەز مەدەنى-
يەت خىزمىتى بەش كىشىلىك رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان پېڭ جېن
ھەقىقەتەن ئىلىم ساھەسىدىكى تالاش ـ تار-
تىشنى تىزگىنلەش ئۈچۈن تىرىشقانىدى.
1966 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پېڭ جېنىنىڭ سۆزى
ئاساسىدا «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-
دەش، ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر
بولۇش» دېگەن تېزىس ماقۇللاندى، بۇ
«فېۋرال تېزىسى» دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭدا
«ئىلىم ساھەسىدىكى تەنقىدنى چەكتىن ئاشۇ-
رۇۋەتمەسلىك، ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك»
دېيىلگەنىدى. 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پېڭ
جېن ليۇ شاۋچى بىلەن دېڭ شياۋپىڭنىڭ
ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، لۇ دىڭيى
كاڭ شېڭلار بىلەن ۋۇخەنگە بېرىپ ماۋزې-
دۇڭغا دوكلات قىلدى. ماۋزېدۇڭ يەنە بىر
قېتىم: ۋۇخەن يازغان «خەيرۇينىڭ مەنسەپ-
تىن قالدۇرۇلۇشى» نىڭ ئەجەللىك يېرى
مەنسەپتىن قالدۇرۇشتا، بۇ لۇشەن يىغىنى
ۋە پېڭ دېخۇەينىڭ ئوڭچىل ئاغمىچىلىقى بى-
لەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.
ئۇ پېڭ جېندىن «ۋۇخەن پارتىيىگە، سوتسى-
يالىزمغا قارشىمۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ سورى-
دى. پېڭ جېن كەيپىيات ياخشى ئەمەسلىكىنى
سېزىپ، توغرىدىن توغرا جاۋاب بەرمىدى.

پېڭ جېن ماۋزېدۇڭنىڭ دوكلاتقا بەر-
گەن يولیورۇقىنىڭ روھى ھەم ئۆزىنىڭ چۈ-
شەنچىسىگە ئاساسەن، دوكلاتقا يەنە بىر قې-
تىم تۈزىتىش كىرگۈزۈپ چىقتى ھەمدە ئۇنى
2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى پۈتۈن پارتىيىگە
تېلېگىراممىا ئارقىلىق تارقاتتى. ئويلىمىغان
يەردىن ماۋزېدۇڭ بۇ تېلېگىراممىدىن نارازى
بولۇپ قالدى. پېڭ جېن بۇ مەسىلىدە ئۆزىگە
خاس پوزىتسىيە تۇتقاچقا، ئۇ ئۆزگەرتكەن
مەزمۇن تەبىئىي يوسۇندا ماۋزېدۇڭ كۆتكەن
جايدىن چىقمىغانىدى.

ماۋزېدۇڭ پېڭ جېن بىلەن بۇنداق سۆ-
رۈشۈرسە بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى.
3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە
ئېچىلغان سىياسىي بيۇرو كېڭەيتىلگەن يى-
غىنىدا ماۋزېدۇڭ گەپنى يوشۇرۇپ ئولتۇر-
مايلا «مەدەنىيەت، تارىخ، پەلسەپە، قانۇن،
ئىقتىساد ساھەسىدە بىر قېتىملىق (
مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى) قىلىش كېرەك،
» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. نۇنىڭ بىلەن «مە-
دەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ چاقىرىق سىگ-
نالى چېلىندى. ماۋزېدۇڭ ئەمدى تەجرىبى-
لەرنى يەكۈنلەشكە باشلىدى: «ئاتالمىش بەش
كىشىلىك گۇرۇپپىنىڭ دوكلات تېزىسىدە
سىنىپنىڭ چەك ـ چېگرىسى ئارىلاشتۇرۇۋې-
تىلگەن، ھەق ـ ناھەق ئېنىق ئايرىلمىغان،
ئۇ خاتا»، «ئەگەر بېيجىڭ شەھەرلىك پارت-
كوم بىلەن مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى يەنە
يامان ئادەملەرنى قانات ئاستىغا ئالىدىغان
بولسا، مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمىنى، بېي-
جىڭ شەھەرلىك پارتكومنى، بەش كىشىلىك
گۇرۇپپىنى تارقىتىۋېتىش كېرەك» دەپ ئوت-
تۇرىغا قويدى. ماۋزېدۇڭ يەنە خاپا بولغان
ھالدا «بېيجىڭ شەھىرىگە يىڭنىمۇ كىرەل-
مەيدىغان، سۇمۇ سىڭمەيدىغان بولۇپ كەتتى
...» دېدى.

كاڭ شېڭ ماۋزېدۇڭنىڭ بىر نەچچە قې-
تىملىق سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەمدە
پېڭ جېنىنىڭ «بىر قاتار خاتالىقلىرى» نى
تەنقىدلىدى. «قىزىل بايراق» ژۇرنىلىنىڭ
باش مۇھەررىرى چېن بودا پېڭ جېنىنىڭ
«بىر قاتار جىنايەتلىرى» نى پاش قىلدى ۋە
پىپەن قىلدى. شۇندىن كېيىن ماۋزېدۇڭ
ئۆزى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو
كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىرىپ، پېڭ جېن-
نىڭ «پارتىيىگە قارشى جىنايىتى» نى رە-
ھىمسىزلىك بىلەن پىپەن قىلدى. شۇندىن
كېيىن قەيسەر، ھەقىقىي كوممۇنىست ئەزاسى
پېڭ جېنغا كۆتۈلمىگەن بالا ـ قازا كېلىۋەر-
دى.

1966 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدى-
كى دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە
پېڭ جېن كۆرۈنمىدى، ئۇزاق ئۆتمەي مەر-
كەز رەسمىي تۈردە «پېڭ جېن، لۇ دىڭيى
قاتارلىقلارنىڭ پارتىيىگە قارشى گۇرۇھى»
مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تارىختا «16-
ماي» ئۇقتۇرۇشى بىر دەۋر بۆلگۈچ بولدى،
ئۇنىڭدا پېڭ جېنىنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى
بەش كىشىلىك گۇرۇپپىسى» نىڭ باشلىقلىق
ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلىنىپ، چېن بودا ئۇ-
نىڭ ئىزىغا گۇرۇپپا باشلىقى، جياڭ چىڭ 1
ـ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، كاڭ شېڭ
مەسلىھەتچى بولدى. بۇ ھەزىلكەشلەرنىڭ
سەھنىگە چىقىشى بىلەن، ھەقىقىي چولپانلار
سەھنىدىن چۈشتى. پېڭ جېن تۈرمىگە قا-
مالدى ھەمدە شۇ ياتقانچە 12 يىل ياتتى.

## 2. ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش

1978 ـ يىلى كۈز. «مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى» نى باشتىن كەچۈرگەن جۇڭگونىڭ
تارىخىدا بۇرۇلۇش بولۇشقا باشلىدى، پېڭ
جېن كۈزنىڭ كەچكى شەپقى ئاستىدا ئۇپراپ
پارقىراپ كەتكەن توقۇلما ئورۇندۇقىدا ئول-

تۇرۇپ يىراقلارغا كۆز تىكەتتى. ئۇ ھەمىشە مۇشۇ ھالدا يىراقلا بىر نەچچە سائەت ئولتۇرۇپ كېتەتتى ...

ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە ئۆزگەرمەكتە ئىدى. تۇرمە ھاياتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پېڭ جېن ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشالايدىغان، گېزىت كۆرەلەيدىغان، رادىئو ئاڭلىيالايدىغان بولدى. ئاغدۇرۇلغانلارنىڭ ئىسمى گېزىتلەردە ئارىلاپ قايتا كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى، بۇ ئۇنىڭ ئويلىنىشىغا بىر سىگنال بولدى. پېڭ جېن ئويلانغاچ تارىختا ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولغان پەيتلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئاغدۇرۇلغان نۇرغۇن پېشقەدەملەرگە ئوخشاش كۈتتى، بەلكى ئۇلاردىنمۇ ئۇزاقراق كۈتۈشكە توغرا كەلدى. 1971 ـ يىلى لىن بياۋ غۇلاپ چۈشتى. بۇ چاغدا پېڭ جېن چىقىپ ئىشلەشنى ئارزۇ قىلىپ باقتى، ئەمما تارىختىن ئۇنىڭغا سادا كەلمىدى. 1976 ـ يىلى لىن بياۋدىن كېيىنكى يەنە بىر سىياسىي ئىتتىپاق «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» گۇمران بولدى، بۇ ئىش پېڭ جېندا يەنە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى يېلىنجاتتى. شۇنداقتىمۇ يەنە ئىككى يىل كۈتۈشكە توغرا كەلدى ...

بۇ ئىككى يىل پېڭ جېن ئۈچۈن مۇرەككەپ، ئازابلىق كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكەن ئىككى يىل بولدى. سىياسىي سەھنىدە ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى. ئاۋۋال ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي ۋە جۇدېلار كەينى ـ كەينىدىن ۋاپات بولدى، ئارقىدىنلا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلدى، ئاندىن يەنە پارتىيە ئىچىدە بىر قاتار بەس ـ مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلدى. پېڭ جېن گەرچە بۇلارنىڭ بىرەرسىگىمۇ ئارىلاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر سىياسىئون سۈپىتىدە ھەر بىر ئىشقا تەپەككۇر يۈگۈرتۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەت بولۇپ قالدى. بەزىلەر «يولداش شياۋپىڭ قايتا ئىشقا چۈشۈپتۇ، سىزنىڭ قايتا ئىشقا چىقىشىڭىزمۇ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مەسىلىسى بولۇپ قالدى» دېيىشتى. پېڭ جېن بۇنىڭغا ئىندىمەي باش لىڭشىتىپلا قويدى.

ئاشۇ تارىخىي تەسىر پەيدا قىلغان بىر كۈز پەسلىدە پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىلىپ، توغرا ئىدىيىۋى لۇشيەن قايتا تىكلەندى. ئەمما شەيئىلەر ھەمىشە ئۇنچە ئاددىي ئەمەس ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ئەڭ چوڭ ئۇۋاللىق دېلوسى — ليۇشاۋچىنىڭ خاتا ئاغدۇرۇلۇش دېلوسى، شۇ تاپتا پۈتۈن پارتىيە دىققەت قىلىۋاتقان ئىشقا ئايلانغانىدى. ئەمما مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى تاكى 1979 ـ يىلى 2 ـ ئايغا كەلگەندىلا ئاندىن بۇ دېلونى قايتا تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى. ھالبۇكى «يولداش ليۇشاۋچىنى ئاقلاش توغرىسىدىكى قارار» نىڭ چىقىرىلىشى ئۇنىڭدەك ئۇنىڭغا تەزىيە يىغىنى ئېچىش ئىشى 1980 ـ يىلغىچە سوزۇلدى. سىياسىي سەھنىدە پەردە ئېچىلىپ يېپىلغىچە ئارىلىقتىكى ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى بىردەملىكلا بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ھادىسىنىڭ ھەقىقىي جەريانى مۇرەككەپ ھەم ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولىدۇ. پېڭ جېن ئاشۇ ئۇزۇن مەزگىللەردە كۈتۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان، كۈتۈش ۋە تەقەززالىق ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە يىللاردىكى تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغانىدى.

كۈز شاماللىرى تۆكۈلۈپ چۈشكەن يوپۇرماقلارنى تامام ئۇچۇرتۇپ كەتتى ھەمدە تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇن بولغان قالدۇق ئىزلارنى سۈپۈرۈپ كەتتى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى. 1979 ـ يىلى يېڭى باھاردا قۇلاقنى يارغىدەك گۈلدۈرراس پوجاڭزا سادالىرى ئىچىدە ليۇ شاۋچى دېلوسىنى قايتا تەكشۈرۈش كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەركەز پېڭ جېننى يوقلاشقا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئاقلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە قانداق خىزمەت تەلىپى بارلىقىنى سورىدى. 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىش بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ بېشىدىن 12 يىل ئەگىپ كېتەلمىگەن قارا بۇلۇت، ئاھانەتلىك سۆزلەر بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلاندى.

پېڭ جېن قايتا ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن ئۇنى ھەممىدىن بەك سۆيۈندۈرگىنى ھوقۇق بولماستىن، بەلكى ئۇچۇرنىڭ ناھايىتى تېز، راۋانلىقى بولدى. ھۆججەت، تېلېگرامما كۆرۈشنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكى بىر تەرىپى، تېخىمۇ مۇھىمى نۇرغۇن ئەھۋاللار، يېڭى ئۇچۇرلار ئۇنىڭغا ئوخشاشمىغان يوللار بىلەن يەتكۈزۈلۈپ تۇراتتى.

ئالدىنقى كۈنلىرى ج خ مىنىستىرلىكىدىن بىر خەۋەر كەلدى، بېيجىڭدىكى شىدەن كوچىسىدا شىدەن تېمىنىڭ ئەتراپى ئاجايىپ جانلىنىپ كېتىپتىمىش، ئۇنىڭغا ماۋزېدۇڭغا تۆھمەت چاپلايدىغان بىر مۇنچە شوئارلار چاپلانغانمىش، بەزىسىدە ھەتتا كومپارتىيىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئاغدۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان ... ئارقىدىنلا شياڭگاڭ، تەيۋەنلەردە ھەر خىل جامائەت پىكىرلىرى قوزغىلىپ «چوڭ قۇرۇقلۇقتا ماۋزېدۇڭنى تەنقىد قىلىش ۋەزىيەت تەقەززالىقىغا ئايلاندى» دېگەن گەپلەر تارقالدى. پېڭ جېن خىزمەتچىلەرگە بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىشنى تاپىلاپ، مۇشۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى كۆپرەك ئۇقۇشۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ: «يولداش ماۋزېدۇڭغا باھا بېرىشتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئەمما ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يوقىتىپ قويماسلىق كېرەك، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى پۈتۈن پارتىيىنىڭ تاللىشىدۇر» دەپ ئۇقتۇرۇپ قويدى.

مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنى چاقىرىلىۋاتقاندا، پېڭ جېن شەرقىي شىمال گۇرۇپپىسىغا قاتناشتى، بۇ ئۇنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن 1 ـ قېتىم مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىغا قاتنىشىشى ئىدى. بۇ يىغىن مەزگىلىدە نۇرغۇن كونا كادىرلار بىلەن بىرگە بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پېڭ جېن شەرقىي شىمالدا تۇرغاندا ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەنلەر بولۇپ،

گەپ - سۆزلىرىمۇ ئۇچۇق - يورۇق ئىدى. بەزىلەر «ئىلگىرى ئىدىيىنى ئازاد قىلىشتا رەئىس ماۋزېدۇڭ بەلگىلەپ بەرگەن قائىدە - ئىنتىزاملارنى بۇزۇش تەس بولغان، ئەمدى ئىدىيە ئازاد بولدۇق. ئەمما ئەمدى يەنە بىر ئەھۋال كېلىپ چىقتى، كىشىلەر كەلگەن يولىغا قاراپ بېقىپ ماۋزېدۇڭنى ھە دەپ ئەيىبلىمەكتە، بەزى مەسىلىلەر پارتىيىنى تەنقىد قىلىشقا بېرىپ تاقالماقتا» دەپ ئۇنتۇرىغا قويدى. پېڭ جېن ئۇلارغا: «قانداقمۇ ئۇنداق قىلغىلى بولسۇن! ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلساق، بىز قايسى بايراقنى كۆتۈرىمىز؟ ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭدىن كەچسەك، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى نېمىنى قىبلىنامە قىلىدۇ؟ ئۇنداق بولمىسا كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىنقىلابىي سەپ قالايمىقانلىشىپ، دوستلار رەنجىپ، دۈشمەنلەر كۈلىدۇ» دېدى.

يىغىن مەزگىلىدە پېڭ جېن يەنە ئۇيقۇسىز قالدى، بۇ قېتىم ئۇ ماۋزېدۇڭ ئۈچۈن ئۇيقۇسىز قالغانىدى. شۇ نەرسە پېڭ جېننىڭ ئېسىدىكى، ستالىن ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا خىروشچېۋ سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 20 - قۇرۇلتىيىدا دۇنيانى لەرزىگە سالغان مەخپىي دوكلات بېرىپ، ستالىننىڭ روھىنى قىيىن - قىستاققا ئالغانىدى. شۇ چاغدا ماۋزېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىككى شەمشەر بار ئىدى، ھازىر بىرىنى تاشلىۋەتتى دېگەنىدى. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ماۋزېدۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پېڭ جېننىڭ كۆڭلى دېگىلى بولمايدىغان بىر خىل بىئارام ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ماۋزېدۇڭنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ۋاپاتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلاتتى، ئەمما بۇ خىل ئۆزگىرىش ھەرگىز ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلىش ئەمەس ئىدى. ئىككىنچى كۈنى يىغىن داۋاملاشتى، پېڭ جېن سەھەر يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالدىرىماي تەمكىنلىك بىلەن «مەن بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلاي» دەپ گەپنى باشلىدى: «يولداش دېڭ شياۋپىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا جەزمەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ مۇشۇ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ باياننى مۇپەسسەل شەرھلىدى ھەم ئۆزى ئويلىنىۋاتقان ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە ۋە يولداش ماۋزېدۇڭغا قانداق قاراش ھازىرقى بىر گەۋدىلىك مەسىلە. پېڭ جېن لىن بياۋ ئېيتقان «ماۋزېدۇڭنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنىڭ ئۆزى ھەقىقەت، بىر جۈملە سۆزى تۈمەن جۈملىگە باراۋەر» دېگەن قاراشقا تەنقىدىي قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ھازىر بەزىلەرنىڭ بىراقلا يەنە بىر قۇتۇپقا ئېغىپ ھەممىدىن گۇمانلىنىدىغان ھەتتا ھەممىگە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتىدىغان، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلانغان «كومپارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى» دېگەن ھەقىقەتنىمۇ ئىنكار قىلىدىغان خاھىشلارنى قاتتىق سۆكتى. پېڭ جېننىڭ ئورۇنلىرىدىن ئۇستەلمۇ ئۇنلەپ كەتتى. ئۇ سەل ھاياجانلانغان ھالدا «دىققەت قىلايلى يولداشلار، ماۋزېدۇڭغا ئەتراپلىق قاراش كېرەك» دېدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى تارىخقا قانداق ئەتراپلىق قاراش كېرەك! پېڭ جېن بۇ ھەقتە توختىلىپ «ماۋزېدۇڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى قوزغاش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا خاتالىق ئۆتكۈزدى» دەپ قارىدى. ئەمما گەپنى بىردىنلا باشقا تېمىغا يۆتكىدى. «لىن بياۋنىڭ سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلغان كۈچ قايسى؟ بۇ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقى، ھالبۇكى، بۇ ئۇلۇغ كۈچنىڭ ۋەكىلى يولداش ماۋزېدۇڭ. يەنە ۋاڭ خۇڭۋېن، جاڭ چۇنچياۋ، جياڭ چىڭ، ياۋۋېنيۈەندىن ئىبارەت تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ گۇمران بولۇشىدىمۇ رەئىس ماۋزېدۇڭ سىياسىي بيۇرودا ئېنىق قىلىپ جياڭ چىڭنىڭ قارا نىيىتى بار، ئاشكارە گۇرۇھى بار، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك دېگەنلىكى ئۇنىڭغا ئىدىيىۋى ئاساس بولدى. شۇڭا مېنىڭچە، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى خىزمەتلىرىگە ئەتراپلىق قاراش لازىم. ماۋزېدۇڭنىڭ خاتالىقى بارلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ خاتالىقىغا قانداق قاراش كېرەك؟ مېنىڭچە، يولداش ماۋزېدۇڭمۇ ئەزەلدىن ئۆزىدە خاتالىق يوق دەپ باقمىغان. ئەمما بىز تەشۋىقاتتا ئېھتىياتچان بولۇشىمىز، چەت ئەل دۈشمەن كۈچلىرىگە جۇڭگوغا قارشى تۇرىدىغان باھانە تېپىپ بەرمەسلىكىمىز كېرەك. چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەرمۇ بىزنىڭ ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يوقىتىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئىنتايىن ئۆچ، بارلىق ئامالالارنى قىلىپ ئۇنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە، سېتىۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ» دېدى. گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە پېڭ جېننىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، ئۇ قولىنى بىر شىلتىپ يەنە «بىز بۇنىڭغا قاراپ تۇرماسلىقىمىز كېرەك» دېدى.

يىغىن ئەھلى ئىنتايىن جىمىپ كەتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇزاقتا سوزۇلغان گۈلدۈرۈس ئالقىشلار ياڭرىدى. بۇ قېتىمقى سۆز پېڭ جېن قايتا خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن قىلغان تۇنجى سۆز بولۇپ، ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، لېكىن پارتىيە ئىچىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. «خەلق گېزىتى» مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، «ماۋزېدۇڭىزملاشتۇرۇش ئەمەس، ئىلاھىزملاشتۇرۇش» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. پېڭ جېننىڭ كۆز قاراشلىرى ھەم پارتىيە ئىچىدىكى كۆپ سانلىق يولداشلارنىڭ شۇ خىل قاراشلىرى بولغاچقا ھەممىيلەن يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېزىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە ئىچىدىكى بىر قانچە تارىخىي مەسىلە توغرىسىدىكى قارار» نىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى قوللىدى.

(داۋامى بار)

(«جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى» ژۇرنىلىدىن)

قاۋۇل توختى تەرجىمىسى

# يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئون جەھەتتىكى دېلونى نازارەت قىلسا بولىدۇ

ئەدلىيە ئورگانلىرى بېجىرگەن دېلولارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى بۇ دېلولار ئۈستىدە نازارەتچىلىكنى يولغا قويغاندا، بىر - بىرلەپ سۈرۈشتۈرۈش ۋە نازارەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، شۇڭا بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم تەسىرى زور، ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان تىپىك دېلولار ئۈستىدە نازارەت ئېلىپ بارسا بولىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى ئون جەھەتتىكى دېلونى نازارەت قىلسا بولىدۇ: بىرىنچى، شۇ دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرى شۇ دېلوغا قارىتا چىقارغان قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈم، كېسىم ۋە قارارلار ئەمەلىيەتتە ئېتىراپ قىلىش ياكى قانۇنغا تەتبىقلاشتا خاتالىق بولۇپ قېلىپ، دەۋاگەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا كۆپ قېتىم ئەرز قىلسىمۇ تۈزىتىلمىگەن دېلولار؛ ئىككىنچى، ئامما نىسبەتەن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، تەسىرى زور دېلولار؛ ئۈچىنچى، تەڭ دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار قىلىشىغا سۇنغان دېلولار؛ تۆتىنچى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەيىبلىگەن، خەلق سوت مەھكىمىسى گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم قىلغان دېلولار؛ بەشىنچى، ئەدلىيە ئورگانلىرى قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ قوبۇل قىلمىغان دېلولار؛ ئالتىنچى، دېلو بېجىرىش ۋاقتى قانۇنىي سۈرۈكتىن ئېشىپ كەتكەن ياكى قانۇنىي سۈرۈكى بەلگىلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئورۇنسىز سەۋەبلەر بىلەن ئۇزۇنغىچە كەينىگە سۈرۈلۈپ ئاخىرلاشتۇرۇلمىغان دېلولار؛ يەتتىنچى، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، خەلق قۇرۇلتىيى سايلىمى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان دېلولار؛ سەككىزىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى بېجىرىشكە تاپشۇرغان، نەتىجىسىنى تېزرەك يوللاشنى تەلەپ قىلغان دېلولار؛ توققۇزىنچى، ئەدلىيە ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملاردىن دېلو بېجىرىش جەريانىدا ھەقىقەتەن قانۇن - ئىنتىزامغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى بولغان، تېخى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنمىغان دېلولار؛ ئونىنچى، ئەدلىيە ئورگانلىرى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلمىغان دېلولار.

(«خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 20 - سانىدىن)

جاپپار قادىر تەرجىمىسى

---

قانۇنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى — كىشىلەرنى ئەخلاقىي جەھەتتە ئاقكۆڭۈللۈك دۇنياسىغا باشلاپ كىرىشتىن ئىبارەت.

— مالدەن

ئەخلاق خۇددى قاراۋۇلغا ئوخشايدۇ، ئۇ قانۇننى قوغدايدۇ، ھەر قانداق ئادەمنىڭ خىلاپلىق قىلىشىغا يول قويمايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر ئەخلاق بولمىسا، كىشىلەر قانۇننى ئۇنتۇپ قالىدۇ ياكى ئۇنىڭغا سەل قارايدۇ.

— مابول

قانۇن — كۆزگە روشەن كۆرۈنىدىغان ئەخلا. ئەخلاق — يوشۇرۇن ھالەتتىكى قانۇن دېمەكتۇر.

— لىنكولىن

قانۇن خۇددى جىنايى ھەرىكەتنى پاك ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇلمىغانغا ئوخشاش، ماھىيەت جەھەتتە ئەخلاق ياكى قانۇن پاك ھېسابلانغان ھەرىكەتنى جىنايى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرالمايدۇ.

— شۆلەي

كىشىلەرنىڭ سىياسىي ئېتىقادى ۋە ئەخلاقىي غايىسى قانۇنغا بويسۇنۇش ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ.

— يىمىڭ

قانۇن — ئەخلاقلىق ھەرىكەت قىلىشنىڭ قائىدىسى، ئۇ كىشىلەرنى ئادىل ھەرىكەت قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

— گىلاۋشيوس

قانۇنغا رىئايە قىلىش — پۇقرالار ئۈچۈن سىياسىي مەجبۇرىيەت، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت.

— يىمىڭ

جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىنى توسۇش ئۈچۈن، ئېنىق قانۇنغا تايىنىش كېرەك

— روبىسبىر

(رەھىم يۇسۇپ تەييارلىغان)

# «دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىش» دېگەن نېمە؟

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 96 ـ ماددىسىدا: بۇ قانۇندا ئېيتىلغان دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىش مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن ۋە قارارلىرىغا، گوۋۇيۈەننىڭ مەمۇرىي نىزام، بەلگىلىمىلىرىدىكى مەمۇرىي تەدبىرلىرىگە، ئېلان قىلىنغان قارار ۋە بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىش دېگىنىمىز — مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن ۋە قارارلىرىغا خىلاپلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى، مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان قانۇن ۋە ئايرىم نىزام خاراكتېرىنى ئالغان قارار ياكى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇنلارغا مەلۇم دەرىجىدە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن، تولۇقلانغان قوشۇمچە بەلگىلىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىش دېگىنىمىز — گوۋۇيۈەن تۈزگەن مەمۇرىي نىزام، بەلگىلىمىلەردىكى مەمۇرىي تەدبىر، ئېلان قىلىنغان قارار ۋە بۇيرۇقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى «گوۋۇيۈەن تۈزگەن» دېيىلگىنى گوۋۇيۈەننىڭ نامىدا تۈزۈلگەن ياكى ئېلان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك نىزام خاراكتېرىدىكى ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قانۇن ـ نىزام خاراكتېرىدىكى ھۆججەتلەر گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرى تۈزگەن، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ئارقىلىق ھەمدە گوۋۇيۈەننىڭ نامىدا ئېلان قىلىنغان ھۆججەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرى گوۋۇيۈەنگە تەستىقلاتماي تۇرۇپ، گوۋۇيۈەننىڭ نامىدا ئېلان قىلىنغان ھۆججەتلەر، بۇ ماددىدا ئېيتىلغان «دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى» گە كىرمەيدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاساسىي قانۇندىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا ئۆلكىلىك، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، مەمۇرىي نىزاملارغا زىت بولۇپ قالماسلىق شەرتى بىلەن، يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشقا ھوقۇقلۇق. ئۇندىن باشقا، مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھوقۇق بېرىشى بىلەن، يۇقىرىقى ئورگانلار تۈزگەن يەرلىك نىزاملارمۇ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى قىلىنىدۇ. بىراق ئۇ يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ئېيتىلغان «دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى» بولمىغاچقا، ئۇنى جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى جىنايەت بېكىتىپ جازا ئۆلچەشنىڭ ئاساسىي قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەخمەتجان سېيىت



# ئايروپىلاندا ئولتۇرسا بولمايدىغان كىشىلەر

بەزى كىشىلەر ئايروپىلاندا ئولتۇرسا، كېسىلى قوزغىلىپ قېلىشى مۇمكىن، مەسىلەن، ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن نەپەسى سىقىلىش، يۈرەك قان تومۇرى كېسىلى قوزغىلىپ، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى كېلىپ چىقىش ۋە مېڭە قان تومۇرلىرىدا كاشىلا كۆرۈلۈش قاتارلىقلار. شۇڭا، يۇقىرىقىدەك كېسىلى بار كىشىلەر ئىمكانقەدەر ئايروپىلاندا ئولتۇرماي، پويىزدا ئولتۇرغىنى تۈزۈك. ناۋادا چوقۇم ئايروپىلاندا ئولتۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئايروپىلانغا چىقىشتىن ئىلگىرى، دەم سىقىلىشنىڭ ۋە قان تومۇرلىرى كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورىلارنى ئىچىۋېلىشى كېرەك.

تۆۋەندىكى كىشىلەر كونا كېسىلى قوزغىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ۋە ئايروپىلاندا بېشى قېيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى ئايروپىلاندا ئولتۇرماسلىقى كېرەك:

1. يۈرەك سانجىقى كېسىلى بارلار. بۇنداق كىشىلەرنىڭ كېسىلى ھەر ۋاقىت تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قېلىشى مۇمكىن، ئەگەر ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋېلىنمىسا، ھاياتىغا ئوڭايلا خەۋپ يېتىدۇ.

2. ئاق قان كېسىلى بارلار. بۇنداق كېسىلى بارلار ئايروپىلاندا ئولتۇرسا، ئوڭايلا بېشى قېيىپ يىقىلىپ قالىدۇ.

3. ئېغىر ئاشقازان يارىسى، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى بارلار. يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردىكى گاز ئوڭايلا كۆپىيىپ، ئاشقازان، ئۈچەينىڭ يېرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4. جىددىي خاراكتېرلىك ئوتتۇرا قولاق ياللۇغى بارلار ۋە ئوتتۇرا قولىقى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ئۇزۇن بولمىغانلار.

5. ياشانغانلار، ھامىلىدار ئاياللار ۋە روھىي كېسەللەر مەخسۇس دوختۇر ياكى باشقا خادىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشى كېرەك.

قاھار تەرجىمىسى

● ئەتىرگۈل ●

# پامىردا باھار

◆ ئەلق قەمەس ◆

باھار بۇلبۇلى سايراپ پامىردا،
تەۋرەندى يەر - زېمىن كېلىپ لەرزىگە.
ئويغىنىپ جان - جانىۋار قىشلىق ئۇيقىدىن،
شادلاندى يۈرەكلەر قىلىپ تەنتەنە.

پامىرنىڭ باھارى بىر ئىللىق باھار،
كەلسىلا كۆكلىنەر پۈتۈن يەر - جاھان.
سۆيۈنۈپ تەبىئەت باھار مېھرىدىن،
ئۆزگىرەر ئاق ماموق كىيگەن شۇ تاغلار.

پامىرنىڭ باھارى بىر قۇتلۇق باھار،
ياڭرايدۇ ھەر ياندىن سۆڭەك نەي، سازلار.
ئۈيمۈئۈي چۆمۈلۈپ باھار پەيزىگە،
يېشىللىق ۋەسلىدىن مەست بولار دىللار.

# « ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىدىن 666 »

# سىزنىڭ ئەڭ ياخشى ياردەمچىڭىز بولالايدۇ

## تېخنىكا ئۆگىنىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش يولىنى ئېچىڭ

بىر تامچە سىياھ مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەرنى ئويغا سالىدۇ، بىر پارچە ياخشى كىتاب سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

«ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىدىن 666» ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، يۇقىرى تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى، شىنجاڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەركىزى ۋە شىنجاڭ كەسپىي تېخنىكا مائارىپ مۇلازىمەت مەركىزىدىكى پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرجىمە - تەھرىر كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزگەن چوڭ تىپتىكى قامۇس. تاللانغان ماتېرىياللار ھەممە ساھەدىكى ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ھۈنەر - سەنئەتتىن تاللاپ ئېلىنغان ئەڭ ياخشى بىرىكمىدىن قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، ماتېرىيالغا ئاساسلىنىپ ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغىلى بولىدۇ. تاللانغان تۈرلەرگە مەبلەغ ئاز كېتىدۇ، ئىشلەش ئاسان؛ تېز ئۈنۈم بېرىش، قوللىنىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئە ياخشى ئىشلىتىش قىممىتىگە ۋە ساقلاش قىممىتىگە ئىگە. ب كىتاب سىزنىڭ غەلىبە قىلىشىڭىز ۋە بېيىشىڭىزدىكى «گۆھەر»گە ئايلانغۇسى.

ھازىر بۇ كىتاب نەشرىدىن چىقتى، مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن باھاسى 280يۈەن، توپ تەمىنلەش 230/60 يۈەن، ئادەم ئەۋەتىپ ياكى خەت ئارقىلىق سېتىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ.

**ئالاقىلى[...]چى:** خاسىيەت، چېن چېڭ

**ئالاقى[...]فونى:** 28856102

**فاك[...]**

**ئادر[...]**لى 50 - نومۇر، 2 - قەۋەت





مۇقاۋىنى بېي غېك لايىھىلىگەن

# خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ قىياپىتى



ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى،
لىدېر جېڭ جاۋۋېن




شىركەتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى




شىركەت قارمىقىدىكى سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى

## بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى جىڭ ناھىيىلىك رۇڭخەي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

بۇ شىركەت جىڭ ناھىيىسى بويىچە بىردىنبىر تاۋۇز گازىرى ۋە ئالقات مەھسۇلاتلىرى ۋە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىدىغان خۇسۇسىي كارخانا. ئۇ كۈچلۈك تېخنىكا ۋە ئىلغار پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرىگە ئىگە، ئىقتىسادىي كۈچى زور، مەھسۇلات سۈپىتى ئەلا. ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى سودىگەرلەرنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى قارشى ئالىدۇ.

ئادرېسى: جىڭ ناھىيە غەربىي بەخت يولى 44 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 833300

چاقىرغۇ: 8293909 - 126

يانفون: 090919009038



سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى



شىركەتنىڭ ترانسپورت ئاپتوموبىللىرى




گازىر ۋە ئالقات مەھسۇلاتلىرى